# مۇندەرىجە

ئاپا، يېنىڭدا مەن بار ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـئايزۆھرە ئابدۇمىجىت ( سۇزۇكئاي ) (1)

ئاچچىق تەقدىر ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ئەقىدە (16)

مىس چۆگۈن ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـئىبراھىم مەمەتئەيسا (ئارسلان) (45)

چېقىر تاش ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـ ـئارقۇ (48)

ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئاتىگۈل ئەخەت (نازپەرى)

ئېلكىتاپ تۈزۈشكە يىتەكلىگۈچى ئورۇن : ياخشىلار مۇنبىرى

# ئاپا، مەن يېنىمدا بار

ئايزۆھرە ئابدۇمىجىت (سۈزۈك ئاي)

ئەلكىن مۇنبىرىدىن سۈزۈكئاي يازمىسى

تۆتىنجى سائەتلىك دەرسنىڭ تېزراق توشۇشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۇم.قول سائىتىمگە يېنىش-يېنىشلاپ قانچە قېتىم قارىغانلىقىمنى بىلمەيمەن.ئاخىرى ۋاقىت توشۇپ قوڭغۇراقنىڭ يېقىملىق جىرىڭلاشلىرى مېنى بۆلەكچىلا خۇشال قىلىۋەتكەندى. ئەمما ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ سۆزى تېخىچە تۈگمەيۋاتاتتى.ئىچىم تىتىلداپ، لەۋلىرىمنى بوشقىنە چىشلىگىنىمچە پۇتلىرىمنى يەرگە بوشقىنە تاقىلدىتىپ تەقەززا بىلەن ئولتۇرماقتا ئىدىم. پۇتكۈل ئەس - يادىم ئۆيدە يېتىپ قالغان پالەچ ئاپامدا ئىدى. مۇئەللىمنىڭ «دەرستىن چۈشۈڭلار!» دېگەن بۇيرىقىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ ماتېرىياللىرىمنى تىزدىن يىغىشتۇرۇپ سىنىپتىن ئۇچقاندەك چىقىپ، پەلەمپەينى ئىككى - ئۈچتىن ئاتلاپ ھەش - پەش دېگۈچە ۋېلسىپىت توختىتىش ئورنىغا كەلدىم. ئېسىمگە ۋېلسىپىتىمنى تۈنۈگۈن كەچ رېمونتخانىغا ئاپىرىپ قويغىنىم دەررۇ يادىمغا كەلدى. ھۇشۇمنى يىغىپ قەدەملىرىمنى تېز-تېز ئېلىپ ئۆيگە يول ئالدىم. ئىچىمدە: «ئەمدى ۋېلسىپىتىمنى ئاياپ مىنىمەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ مېڭىپ، تۈيۈقسىز دادامنى غىل-پال كۆزۈمگە چېلىقتۇرۇپ قالدىم. ئېگىز بويلۇق، قاملاشقان، قوڭۇر , دولقۇنسىمان بۇدرە چاچلىرىنى يارشىملىق قىلىپ رەتلىك تارۋالغان، ئۇستىدىكى كاستۇم-بۇرۇلكا بەستلىك قامىتىگە

ئۆزگىچە ھۆسىن قوشۇپ تۇرىدىغان بۇ كىشى دەل مېنىڭ دادام ئىدى . كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا نەپرىتىم بولسىمۇ ،ئۇ يەنىلا مېنىڭ دادامدە .كۆز ئالدىم بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرماقچى بولدىم ـ يۇ ،ئىككى بالىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ‹‹دادا !››دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ،يۈز كۆزلىرىگە سۆيۈپ ئەركىلەشلىرى،يېنىدىكى سېرىق بۇدرە چاچلىق ، يۈزلىرىدىن گىرىم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئايالنىڭ دادامغا ئەركىلىگىنىچە "ماشىنىغا چىقايلى"دەپ ئىما قىلىشلىرىنى كۆرۈپ بىردىنلا ئۇنى چاقىرىشتىن توختاپ قالدىم.دادام ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ئايالى ،ئىككى بالىسى خۇددى كۆردۈڭمۇ سەن پىيادە ماڭساڭ بىز ماشىنىدا ماڭىمىز دېگەندەك قىلىپ،ماشىنىغا چىقتى. ماشىنا غۇيۇلداپ ئەتراپقا توپا چاڭلارنى توزۇتقىنىچە كېتىپ قالدى .دادامغا بولغان نەپرەتلەر قاياقلاردىندۇر يۇرىكىمگە كەلكۈندەك باستۇرۇپ كېلىپ سەزگۈلىرىمگە ئاچچىق ھېسلارنى سىڭدۇرىۋەتتى.كۆز چاناقلىرىمدا شەبنەم تامچىلىرىدەك لىغىلداپ قالغان ياشلىرىمنى سۈرتكىنىمچە ھېچنېمىگە قارىماي ئۆيگە جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم.ئۆيگە كەلگەنىدىم ،ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ،ئۆپكەم چىقىپ كېتىدىغاندەكلا قاتتىق يۆتىلىپ كەتتىم. ھويلىدىكى سۇ جۈمىكىنى ئېچىپ مۇزدەك سۇ بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇپ ،كۆكرىكىمنى تولدۇرۇپ ئېغىر بىرنى تىنىدىم ـ دە ،ئۆيگە كىردىم.ئىشىكنى ئېچىپلا تۇرغان جايىمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. ئاپامنىڭ پۈتىدىن ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قان،ئۇنىڭ ئوڭدىسىغا ياتقان بىچارە تۇرقى ، يەردىكى چېچىلىپ كەتكەن كۆكتاتلار،قان يۇقى پىچاق ماڭا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلىمەكتە ئىدى.ئۇنىڭ مۇردىدىن پەرىقلىنىپ تۇرىدىغان نۇرسىز كۆزلىرى مېنى كۆرۈش بىلەن تەڭ غۇۋا

مانانلاشتى.ئاپامنى يۆلەپ پۇتىنى تاڭغاچ :« جېنىم ئاپا، مۇشۇنداق بىلەن نەچچە قېتىم بولدى. بۇنداق قىلما بولامدۇ! تاماقنى ئۆزۈم ئېتىمەن، ئەتىگەن كۆكتاتلارنى ئاقلاپ توغراشقا ئۈلگۈرمەي مەكتەپكە كېتىپ قالغان، مانا ئوبدان توغراپسەن» دېدىم ئۇنىڭغا دوق قىلىپ. ئەزەلدىن جىمغۇر ئاپام خۇددى گۇناھىغا توۋا قىلغاندەك سۈكۈت قىلىپ نەمدەلگەن كۆزلىرىنى چىڭىدە يۇمۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئىچىم ئاغرىدى. ئۆيدىكى قالايمىقانچىلىقنى بىر قۇر رەتلەپ قويۇپ يەنە تاماق ئېتىشكە كىرىشىپ كەتتىم.

مەن ئېسىمنى بىلسەم ئاپام ئىنتايىن كەم سۆز، ئېغىر بېسىق يۇۋاش ئايال ئىكەن. ئۇ ئۇنچە چىرايلىق بولمىسىمۇ تۇرمۇشتىكى پاكىزلىقى، چېۋەرلىكى، تەرتىپلىكى بىلەن ھەممەيلەننى قايىل قىلاتتى. ئۇ ئائىلە ئىشلىرىنى كىشىگە يارىغۇدەك قىلىپ باشقىلارنى سۈيۈندۈرسە، ئىدارىدە ئەستايىدىل ، بىجاندىللىق بىلەن خىزمەت قىلغاچقا ئىدارە رەھبەرلىرى، ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىكەن. ئۇ ھەرگىز خىزمەتنى دەپ ئۆي ئىشلىرىنى ، ئۆينى دەپ ئىدارىنىڭ ئىشلىرىنى پەقەتلا ئاقسىتىپ قويمايتى. دادامنۇ مەلۇم ئىدارىنىڭ كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىنتايىن كىلىشكەن، سالاپەتلىك ئىدى. ئۇ ئاپامنىڭ ئەكسىچە شوخ، گەپتان بولۇپ سىرىتتىكى تۇگمەس ئولتۇرۇشلىرى ئۇنى كېچە كېچىلەپ ئۆيگە كىرمەسلىككە مەجبۇر قىلاتتى. بىراق مەن ئاپامنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنا - قولۇملارنىڭ توي - تۆكۈن چايلىرىغا بېرىپ كەچ قالغىنىنى ئەزەلدىن بىلمەيتىم. دادام سىرىتتا ئويناپ ئۆيگە كەچ كەلسىمۇ ياكى كېچە كېچىلەپ ئۆيگە كەلمىسىمۇ ئۆيدە بولغان كۈنلىرى ئىككى ۋاق كىيىم

ئالماشتۇرۇپ چىقىپ كىتىشلىرىگە ھەرگىزمۇ چىش يېرىپ بىر نىمە دېمەيتى. بۇنى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپلا بىلەتتى. بەزىدە ئۇخلىيالماي ئاپامنىڭ يېنىمدا يوق ئىكەنلىكىدىن ئەنسىرەپ ئەتراپقا قارىسام ئۇ بىركۈنى ئاشخانىنى ، بىر كۈنى تازلىق ئۆيىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تازلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. ئاپام ئەنە شۇنداق پاكىز ئايال ئىدى.قوشنىلارنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ ئۇنى ماختاپ« ئاتىكەم بەك پاكىز جىمۇ ، ئۆيگە كىرسە ئادەم مېھمانخانىغا كىرگەندەك بولۇپ قالىدۇ.ئۆيدىن قىل تاپقۇسىز چېچەن چوكان » دەپ تەرىپلەشلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. ئاپام ھەقىقەتەنمۇ پاكىز ئايال ئىدى،ئۇ بىر ئائىلىدە ئەركىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. مەسىلەن: توك يولىنى، يۇندا يوللىرىنى رىمۇنىت قىلىش. لامپۇچكا ئالماشتۇرۇش، گاز ئالماشتۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاپام قىلاتتى.ھەتتا مۇشۇ كەمگىچە دادامنىڭ ، مېنىڭ ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا قاتنىشىپ باققىنىنى بىلمەيمەن. ئۇ ئەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ بىر ئائىلىدە ئەرلىك ھەم ئاياللىق بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتاتتى.ئاپامنىڭ ئەنە شۇنداق پاكىزلىقى ئىشلارغا ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كىتىشى سەۋەبىدىن پۇتى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.شۇنداق ئاغرىپ كەتسىمۇ ئۇ يۇقارقىدەك ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى توختاتمىدى.بەزىدە ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىداپ ، لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتكەنلىكىنى يەنە بەزىدە پىشانىسىدىن مۇنچاق - مۇنچاق تەرنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالاتتىم.ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ پۇتلىرىنى تۇتۇپ كېتەتتىم.ئاپام ئەشۇنداق ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ ئاغرىق پۇتىنى سىلاپ ئولتۇرغىنىدا دادام قايسى ئولتۇرۇش ياكى قايسى بىر

سورۇندا ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم ئىدى.كۆنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى.
دادام ھە دىسىلا ئۆيگە كىرمەيدىغان، ئاپامنى يوقۇلاڭ بىر ئىشلارنى دەپ ئۇرۇپ تىللايدىغان بولىۋالدى. مەن بۇ چاغدا نىمە قىلارىمنى بىلمەي، بىر بۇلۇڭدا لاغىلداپ جىممىدە ئولتۇرۇپ كىتەتتىم.ھەممىگە چىداشلىق ئاپام بۇنىڭغىمۇ چىدىدى. دادامنىڭ دوق قىلىشلىرىغا ، سىلكىشلەپ سەت ۋارقىراپ تىللاشلىرىغا،قول كۆتۈرۈپ ئۇرۇشلىرىغا كۆنۈپ قالغاندەك قارشىلىقسىز يىغلامسىراپ تۇراتتى.بىر كۇنى ئۆيگە دادام قاتتىق مەست ھالەتتە قايتىپ كەلدى، ئۇ ئۆيگە كىرىپلا مىھمانخانا ئۆيدىكى گىلەم ئۇستىگە ياندۇرىۋەتتى.ئىچىدىكى ئۆيدە يوتقاننى بىشىمغا چۈكەپ جىمجىت يىتىۋالدىم.ئاپام ئۇنى ئاستا يۆلەپ كىرىسلوغا ئولتۇرغۇزۇپ ، كىر كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ بولۇپ گىلەمنى تازلاشقا باشلىدى. دادام بۇ چاغدا ئۇنى يوغان ئايىقى بىلەن بىرنى تەپتى ـ دە
ـ ھەي لامزەللە، مۆرىمەس كالا. نەرىڭ ئادەم سىنىڭ ھەي، ئىش قىلساڭلا ھىساپلا. يا چىرايىڭ يوق يا چىرايلىق ناز كەرەشمىڭ يوق. يا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلىشنى بىلمىگەن. ئىسىت سەن بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم، نى نى سەتەڭ تۇمۇچۇقتەك قىزلارنى ئالماي ساڭا يۇلۇققىنىم.ۋاي تەتۈر پىشانەم....دادام گىپىنى دەپ بولۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى، ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كىيىن دادام يەنە مەست ھالدا ئۆيگە كىلىپ ئاپامنى قاتتىق ئۇرىۋەتتى.مەن ئارىغا چۈشۈپ يىغلاپ تۇرۇپ دادامنىڭ پۇتىغا ئىسىلىۋالغاندىلا دادامنىڭ مۇشت ـ تىپىكلىرى ئاپامغا تىگىشتىن توختىدى. ئاپام بىلەن ئىككىمىز بىر بىرىمىزگە ئىسىلىشىپ يىغلايتۇق.مەن ئاپامنىڭ يىشىنى سۇرتەتتىم، ئۇنىڭ يىغلا ئىششىپ

قىزارغان جايلىرىنى ئاستا سىلايتتىم... ئۇ بۇقۇلدىغىنىچە ماڭا ئېسىلىپ ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا يىغلاپ كېتەتتى.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ دادامنىڭ كۆڭلى بۇ ئائىلىدىن بۆلەكچىلا سوۋۇشقا باشلىدى ھەپتە ـ ھەپتىلەپ ئۆيگە كىرمەيتى، ئۆيگە كەلسە ئاپامنى يوقۇلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئۇراتتى. ئەنە شۇ كۈنلەردە ئاپامنىڭ پۇتى تولا ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. ئەمما دادام دوختۇرخانىغا يولاپمۇ قويمىدى. تېلفۇن قىلساق « مەن ئالدىراش » دەپ تېلفۇننى قويۇۋېتەتتى ياكى ئالمايتى. دوتۇرلار ئاپامغا رىماتىزىم كېسىلى دەپ دىئاگۇنۇز قويدى. ئاپام دوختۇرخانىدا ھەپتە يېتىپ قالدى، ئىشقىمۇ بارالمىدى. كېسىلى سەل ياخشىلىنىپ دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقىپ، ماڭا تېخىمۇ كۆيىنىدىغان، خىزمەتكە ئۆزىنى بەكرەك ئۇرىدىغان بولىۋالدى. بەلكىم ئائىلىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەندىن كېيىن بالا، خىزمەتتىن بولسىمۇ كۆڭلىگە تەسەللى تاپاي دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. دادام بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇ تۇزۇك گەپ قىلماي، ئۇستەلگە نەچچە مىڭ يۇەننى شاققىدە تاشلاپ:

ـ مېنى قارمىدى دەپ خەققە دەپ يۈرمە. مانا بۇ پۇلنى خەجلەپ تۇر. دەپلا چامادانغا كىيىملىرىنى قاچىلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىشكتىن چىقىش ئالدىدا ئاپام لەۋلىرىنى ياپراقتەك تىترىتىپ قورۇق باسقان ئاجىز قوللىرىنى دادامنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىگە سوزغان ھالدا :

ـ ئەمدى بۇ ئۆيگە قايتىپ كەلمەمسىز؟ ئەجىبا بىر بالىمىزنىڭ بولسىمۇ يۈزىنى قىلىپ ئۆينى تۈتۈپ قالساق بولمامدۇ؟ كۆڭلىڭىز مەندىن شۇنچە سوۋۇپ كەتتىمۇ؟ ـ دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يىغا ئارلاش بوغۇق ۋە ھەسرەتلىك ئىدى. مەڭزىدە سوزۇك ياش تامچىللىرى توختىماي دومىلايتى. دادام

ئاپامنىڭ يېنىدىكىلەرگە سورىغان سۇئاللىرىغا جاۋابسىز ھالدا ئۇنىڭ قوللىرىنى چاپىنىدىن قاتتىق سىلكىۋېتىپ ئىشىكنى غەزەپ بىلەن يايقىنىچە چىقىپ كەتتى. دادام كەتكەندىن كېيىن ئاپام ئۆزۈنغىچە يىغلىدى. ئۇ خىيالچان كۆزلىرىنى بىر نوقتىغا تىكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بەلكىم پۈتكۈل مۇھەببىتىمنى، بارلىقىمنى بىرىپ مۇشۇ ئائىلە ئۈچۈن پىدا قىلغىنىمنىڭ، كۈچۈمنىڭ يەتمىشىچە ئۇنىڭغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغىنىمنىڭ جاۋابى مۇشۇمۇ؟ دەپ ئويلاۋاتقاندۇ. بىر كۈنى مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتسام مەكتەپنىڭ يېنىدىكى كىچىك باغچىدا دادام بىر ئايال بىلەن قولتۇقلىشىپ كېلىۋاتاتتى. دادام ئۇ ئايالنىڭ نازلىق ئەركىلەشلىرىگە مەپتۇن بولۇپ ھەۋەسلىنىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئىنتايىن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىماقتا ئىدى. دادام يىراقتىن مىنى تونۇپ قالدىمۇ ياكى خەقنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ نېمىدىنىدۇر ھۇدۇققىنىچە ماشىنا توسۇپ كېتىپ قالدى. ئۆيگە شۇنداق روھسىز ھالەتتە قايتىپ كەلدىم. ئاپام دادمىنىڭ كۆينىكىنى قۇچاقلىغۇنىچە يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ مىنى كۆرۈپ سەل ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. بەلكىم شۇ چاغدا كىچىك بولسام كېرەك. ئاپامدىن گەپ يوشۇرمايلام :

ـ ئاپا ، دادام بىر خوتۇن بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ، مىنى كۆرۈپ ماشىنا توسۇپ كىتىپ قېلىشتى، دىسەم. ئاپام سۆزۈمنى ئاڭلاپ لەۋلىرىنى بوشقىنىچە چىشلەپ قويىدى ـ دە. ھېچقانداق ئىپادىسىزلا:

ـ بەلكىم خىزمەتدىشىدۇر، دادىڭىزنىڭ تونۇشلىرى بەكمۇ كۆپ. ئارتۇق ئويلىماڭ ـ ھە!

ئاپام دادامنى ئاقلاۋاتاتتى. بەلكىم ئۇ بۇ رىئاللىقنى كۆڭلىدە تەن ئالغان

بولسىمۇ ماڭا بۇ ئازابنى ئاشكارلىغۇسى كەلمىگەندۇ . ئۇ بەلكىم دادامنىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازىغا دەز كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىغاندۇ. ئۇنىڭ تا بۈگۈنگىچە دادمنىڭ ئۆزگىگە قىلغانلىرىغا زارلىنىپ ، ماڭا داتلاپ باققىنىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم.

ئانا، ئەشۇنداق ئۇلۇغ ئىنسان . ئۇ بارچە ئازابنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، بارچە خاتالىقنى كەچۈرۈشتەلەيدىغان، ئۆز يولدىشىنىڭ خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇلارنى قەستەن ئاقلاشقا يارالغاندەك، ئازابىنى يوشۇرۇپ باشقىلارغا ئاشكارلىغۇسى كەلمەيدۇ.

دادام توغۇرلۇق سۆز چۆچەكلەر چىقىشقا باشلىدى،ئاپامنىڭ يېقىن دوسلىرى ئۆيىمىزگە كىلىپ ئاپامغا سىرىتتىكى ناتوغرا قىلمىشلىرىدىن زارلاشقا باشلىدى.

ـ جېنىم دوستۇم، قاچانغىچە سۈكۈت قىلىپ جىممىدە يېتىۋېرىسەن دەيمەن. قارا ، ئۇنىڭ تاپقىنى كوچىدا قالغان بۇزۇق ئىكەن، نەچچە ئائىلىنى بۇزۇپ قارغىشقا قالغان بىر نىمە ئىكەن. بىر بالىسى بار دەپ ئاڭلىدىم ئىرىڭ قانداق بولۇپ مۇشۇنداق بىر نىمىنى تاپقاندۇ؟ دەيمەن، بۇ گەپكە ئۇلاپلا ئاپامنىڭ يەنە بىر دوستى :

ـ بۇنداق ياۋاشلىق قىلما. كۈچۈڭ يەتمىسە مانا بىز بار . بىر كىلىشكەن ئەرنى ھېلىقى پاسكىنىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بېرەمسەن. ئۆزۈڭنى ئويلىمىساڭمۇ ماۋۇ قىزىڭنى ئويلا . شۇنداق پاكىز ئىشچان ئايال ئىدىڭ، نەرىڭ يارىماي قالدىكىنتاڭ ؟ ئازىراق گەپدان، شوخ بولغان بولساڭ ئۇمۇ تالاغا قاراپ يۈرمەيتتى.لېكىن ‹‹قان بىلەن كىرگەن خوي،جان بىلەن چىقار›› دەپ مىجەزىڭ ئەزەلدىن شۇنداق تۇرسا، شۇنداق مېھرىبانلىق بىلەن

كۆيىنىشلىرىك ، خىزمىتىنى قىلىشلىرىك تەسىرلەندۈرەلمەيتۇ. ئۇ ھايۋاننى تووۋا.... سەۋىر قىل ئەمما سۆكۈت قىلما !!!!

ئۇلار شۇنداق گەپلەرنى قىلىشىپ بولۇپ كېتىپ قېلىشتى، بىچارە ئاپام يەنە سۆكۈت قىلىپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى.ئۇنىڭ پۇتى تولا ئاغرىپ ئاخىرى ماغالماس بولۇپ قالدى. ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادام ئاپامدىن مەجبۇرى ئاجرىشىپ ، ئۆينى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. دادامنىڭ بۇ قېتىمقى چىقىپ كېتىشى بۇرۇنقىغا پەقەتلا ئوخشىمايتى. ئۇ ئەمدى بۇ ئائىلىگە تەۋە ئەمەس .ئۇ باشقا بىر ئايالنىڭ يولدىشىغا ئۆزگە تەۋە ئەمەس بىر بالىنىڭ دادىسىغا ئايلىنىدۇ. ئاپام بۇ زەربىلەرگە بەرداشلىق بىرەلمەي، پالەچ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئىدارىدىن ئاپامنى كېسەللىك سەۋەبىدىن پېنسىيەگە چىقاردى. شۇ كۈنلەردە ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق. ئاپام بۇ يۇرۇتتا باشقا يۇرۇتتىن توي قىلىپ كەلگەن بولغاچقا ، بۇ شەھەردە بىرمۇ ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق ئىدى. ئاپام يالغۇز بالا بولغاچقا، يۇرۇتتىمۇ تۇزۇك ئۇرۇق - تۇققىنى يوق ئىدى. ئاتا - ئانىسىمۇ بالدۇرلا تۇگەپ كەتكەچكە بۇنداق ئېغىر كۈننى ئۆتكۈزۈش بىزگە بەكمۇ قىيىن توختىدى.ھېلىمۇ چوڭ ئۆيدىكى چوڭلار (دادمىنىڭ ئاپىسى ، دادىسى) دادامنىڭ ئاپامدىن ئاجرىشىپ كەتكىنىنى بىلگەندىن كىيىن، ئاپامدەك مېھرىبان ، ئىشچان كېلىنىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن ۋە دادامنىڭ بۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا ئاپامنى تاشلىۋەتكىنىدىن تولىمۇ ئۆكۈندى. شۇنداق قىلىپ دادام پالەچ ئاپامنى ۋە مەندەك نارسىدە قىزنى تاشلاپ باغچىدىكى ھېلىقى نايناق چوكان بىلەن توي قىلدى. تويىغا دادامنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى نارازى بولغاچقا

ھېچقايسى بارماي، ئاپامغا تەسەللى بېرىپ ئۆنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى.ئاپامدەك رايىش ، مېھرىبان ئايالنى تاشلاپ كوچىدىكى بىر خۇتۇننى ئالغىنىدىن ئۇلار قانداقمۇ رازى بولسۇن.دادام توي قىلغاندىن كېيىن ئۆنىڭ كەينىدىن « ئەسئەت پالەچ ئايالنى ، قىزىنى تاشلىۋەتتى ، ئەسئەتنى ئەسئەت قىلغان ئاتىكەم ئىدى.شۇنداق پاكىز چوكاندىن تېنىپ نەدىكى بىرنىمىنى ئالدى » دېگەندەك گەپلەر چىقىپ كەتتى.ئەمما دادام ئۇنداق گەپلەرگە ئانچە پىسەنت قىلمايتى. ئاپامنىڭ ئازغىنە مۇئاشى بىلەن ئۆنىڭ داۋالىنىش ھەققىنى تۆلەش ۋە مېنىڭ ئوقۇش ھەققىم ، تۇرمۇش بىزنى قىيناشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئولتۇرغان قەۋەت ئۆيىمىزنى سېتىۋېتىپ ئىككى ئېغىزلىق ئادەتتىكىكى ئۆيدىن بىرنى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. دادام گويا ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۇنۇتمىغاندەك پات ـ پات كېلىپ سەي ـ كۆكتات، گۆش ۋە ئازغىنە پۇل بېرىپ قويۇپلا كېتىپ قالاتتى. ئاردىن نەچچە يىل ئۆتتى. مەنمۇ خېلى چوڭ بولدۇم. چوڭ بولغانسىرى دادىغا تېخىمۇ مۇھتاج بولىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بىراق مەن دادامغا مۇھتاج بولغانسىرى ئۇنىڭدىن شۇنچە نەپرەتلىنەتتىم، ئۇ ھېسابتا ئاللا قاچان ئىككى بالىغا دادا بولۇپ بولغان ئىدى. ئاپامنى كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاپ بەل قوشۇلۇپ تۆۋەنكى بەدەن پۈتۈنلەي پالەچ بولۇپ قالدى.كۈنلەر شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بىر كۈنلەردە دادامنى تولا خىيال قىلىۋېرىپ ئۆنىڭ قايتا بىز بىلەن جەم بولىشىنى ، بىچارە ئاپامنىڭ ساقىيىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۈمىدلىرىم خۇددى رېئاللىققا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. بىر كۈنى كېچىسى دەرسلىرىمنى تەكرار قىلىپ ياتاي دەپ ئاپامنىڭ يېنىغا كەلسەم ئۇ بىرخىل

جانلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭ بۇنداق ھالىتىنى كۆرمىگەچكە خۇشاللىنىپ :

ـ ئاپا، تېخىچە ئۇخلىماي نېمانداق روھلىنىپ كەتتىڭ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇنى مېنى يېنىغا ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم .

ــ قىزىم، ساڭا يۈك بولۇپ قالدىم. ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، ساڭا ياخشى ئوقۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرەلمىدىم جېنىم بالام. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇۋېلىپ :

ـ ۋاي ۋۇي ئاپا، بولدى يىغلىما. مېنىمۇ پەپىلەپ كۆز قارچۇقۇڭدەك ئاسراپ مىلىڭ بىر جاپادا چوڭ قىلغان بولغۇيتۇڭ. بۇ مېنىڭ بۇرچۇم، ھەرگىز بۇنداق دېمە بولامدۇ؟

ـ جېنىم قىزىم، چوڭ بوپسەن. سەندىن بەك ئەنسىرەيمەن. ناۋادا، بىر كۈنى تۇيۇقسىز ....ئۇنىڭ لەۋلىرىنى قولۇم بىلەن تۇتىۋالدىم. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ لەۋلىرى مۇزلاپ كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويىدى ـ دە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ كۆزۈمنىڭ نۇرى جېنىم قوزام، سەندىن ئۆتىنەي داداڭدىن نەپرەتلەنمە. ئۇنى بىرنى تاشلىۋەتتى دەپ ئاغرىنما، بولامدۇ؟ ـ ئاپام ماڭا توختىماي يېلىنىۋاتاتتى، ئۇ كۆڭلىدە دادامنى ئاللاقاچان كەچۈرۈۋەتكەن ئىدى. بۇ ئاپامنىڭ ئاخىرقى ئۆتۈنىشى ئىدى. بېشىمنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردۈم. بىراق كۆڭلۈمدە دادامنى ھەرگىز كەچۈرۈۋەتەلمەيتتىم، ئاپامنىڭ يېنىغا كىرىپ ياتتىم . ئۇنىڭ پۇتى مۇزلاپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ :

- ئاپا ، بىردەم ئارام ئېلىۋال. بەك چارچاپ كەتتىڭ، يېنىڭدا مەن بار . دېدىم
-دە ئۇنىڭ سوۋۇشقا باشلىغان يۈركىگە بېشىمنى قويۇپ خىيال دۇنياسىغا
غەرىق بولدۇم.

« بىچارە ئاپا، دادام سېنى ،مېنى تاشلىۋەتتى. بىراق مەن ھەرگىز سېنى
تاشلىۋەتمەيمەن . ھەرقانچە جاپادا قالساممۇ سېنى چوقۇم داۋالىتىپ
ساقايتىمەن. مەندىن خاتىرجەم بول! مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم. پۈتۈن
دۇنيادىكى بىچارە ئانىلارغا ، سەندەك مېھرىبان ، ئىشچان ئانىلارغا پەرىشتە
ھەمراھ بولسۇن. سىلەرنى قوغدىسۇن. سەن دادامنى كەچۈرۈۋەتتىڭ ئەمما مەن
كەچۈرەلمەيمەن، مەن پۈتۈن دۇنيادىكى دادامدەك دادىلىق مەجبۇرىيىتىنى ۋە
ئەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇغان روھى مەجرۇھ دادىلارنى ، باللىلىرىغا
دادىلىق مېھىر-مۇھەببىتىنى، ئۆز ئايالىغا ساداقەت ئۇرقىنى چاچالمىغان
ۋاپاسىز ئەرلەرنى بىر ئۆمۈر كەچۈرەلمەيمەن. » ئاپامنى قۇچاقلىغىنىمچە
ئۇخلاپ قاپتىمەن.

چۈشۈم بۇزۇلۇپ كېچىچە ئاپامنى چۈشەپ ئويغىنىپ كەتكەن ئىدىم، تىمتاس
ئۆي ئىچىدە بىرخىل يالغۇزلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ
ئاپامغا قارىدىم،غۇۋا ئاي نۇرى ئۆي ئىچىنى يورىتىپ تۇراتتى. ئۇنى ئاستا
مىدىرلىتىپ:

- ئاپا ! دەپ چاقىردىم. بىراق چاقىرىشىم جاۋاپسىز قالدى، ئۇنىڭ پۈتۈن
ئەزايى مۇزلاپ كەتكەن بولۇپ ئۇنتۇنسىز ھالدا جىممىدە ياتاتتى. جان
ئاچچىقىدا لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىۋالغان بولۇپ ، بۇ دۇنياغا بولۇپمۇ ماڭا
قىيمىغاندەك كۆزلىرى ئوچۇق ئىدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي جىنىمنىڭ
بارىچە « ئاپا !!!. . . . » دەپ يىغلىغىنىمچە ۋارقىردىم. قوشنىلار نالەمنى

ئاڭلىغان بولسا كىرەك نىمىش بولغاندۇ دەپ قاياقلاردىندۇر پەيدا بولىشتى. . .

جىمجىت قەبرىلەر دۇنياسىغا سەھەردىلا يەنە بىر قەبرە قوشۇلدى، نەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدىم. مانا هازىرچۇ ؟ ئاپام قارا تۇپراق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. تولا يىغلاپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىمنى ئەتراپقا تىكتىم. دادام بىر چەتتە خۇددى گۇناهكاردەك قول باغلاپ تۇراتتى. توغرا، ئۇ بىچارە ئاپام ئالدىدا مەندەك قىزى ئالدىدا گۇناهكار ئىدى. ۋىجدانىم ئۇنى توختىماي ئەيىپلىمەكتە، نەپرەت ياغدۇرماقتا ئىدى. ئادەم توپى ئارىسىدىن « نىمە دىگەن ياخشى ئۆلۈم ـ هە. ئاللاهقا يېقىن بەندە جۈمە كۈنى قازا تاپىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۈگۈن يامغۇر ياغدى. بۇ مەزلۇم بەكمۇ ياۋاش، ئىشچان ئايال ئىدى.» دىگەندەك تەرىپلەشلەر قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراشقا باشلىدى. . .

جامائەت تاراپ كەتتى، پەقەت مەنلا باشقىلارنىڭ كېتەيلى دىگىنىگە ئۇنىماي قەبرە ئالدىدا قەبرىگە قاراپ ئولتۇراتتى. خۇددى يېشىم تۈگۈپ كەتكەندەك كۆزۈمدىن ياش چىقمايۋاتاتتى. ئاپامغا ئىچىمدە پىچىرلاۋاتىمەن : « ئاپا، مەن سىنىڭ يېنىڭدا بار. سىنى دائىم يوقلاپ كېلىمەن، جەننەتتىڭدە ئارام خۇدا ياتقىن. ساڭا پەرىشتە هەمراھ جىنىم ئاپا! بۇ دۇنيانىڭ خوۋلىقىنى كۆرمىگەن بولساڭ ئۇ دۇنيانىڭ خۇۋلىقىنى كۆرەرسەن.» ئۇنىڭغا ئۇزۇن دۇئا قىلدىم. كېتەي دەپ تەمشەلگىنىمدە، ئارقامدىن بىرى دولامغا ئۇرۇپ :

ـ جۈرە ، قىزىم ئۆيگە كېتەيلى.

سۆزلەۋاتقىنى دادام ئىدى، نەپرەتلىك كۆزلىرىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە دەهشەتلىك تىكىلدى.ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلكىشلەپ دولامدىن چۈشۈرۋەتتىم، ئۇ ئالدىمدا گۇناهكاردەك ماڭا يېلىنىۋاتاتتى.

ــ نېمىلا بولمىسۇن مەن سىنىڭ داداڭغۇ؟ ئەمدى بارار جايىڭ يوق ئۆيگە كېتەيلى، جۆرە قىزىم.

ـ قايسى ئۆيگە ؟ ھېلىقى سېرىق چاچ بىلەن بىرگە تۇرامدىم، ئۇنى ئانا دەپ چاقىرامدىم؟ بولدى ئاۋارە بولما . مەن چوڭ ئانامىلارنىڭكىگە كېتىمەن،ئاڭلا ! ئاپام ئۆلۈم ئالدىدا سەندەك مەسئۇلىيەتسىز دادىنى ، ۋاپاسىز ئەرنى كەچۈرۈەتتى. ھەتتا مەندىن سېنى كەچۈرۈۋېتىشىمنى ئۆتۈندى، بىراق مەن سېنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن!

گېپىمنى دەپ بولۇپلا كېتىپ قالدىم، ئۇ ئارقامدىن قارىغىنىچە ئۈنتىنىسىز تۇرۇپ قالدى.توغرا، مەن ئۈنىڭدەك دۇنيادىكى بارچە ۋاپاسىز، مەسئۇلىيەتسىز ، باللىرىنى تىرىك يېتىم قىلغان ، كوچىغا قاراپ قالغان ساداقەتسىز، ۋاپاسىز ئەرـ ئاياللاردىن نەپرەتلىنىمەن، يىرگىنىمەن.ياشا ، مەسئۇلىيەت ۋە ساداقەت ! يوقال ۋاپاسىز، مەسئۇلىيەتسىز بىچارە روھ!!!!

2012ـ يىل ماي (ئۈرۈمچى)

بۇ ھىكايە ئەمەس بەلكى بىر دوستۇمنىڭ نەۋرە ھەدىسى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىش،مەن دوستۇمنىڭ ھەدىسىنى ياخشى تونىغاچقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ياش پەرقىمىز ئانچە چوڭ بولمىغاچقا ،كىيىن ئىككىمىزمۇ يېقىن سىرداش دوسلاردىن بولۇپ قالغان ئىدۇق.ئۇ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كىيىن ئۇنىڭ كەچۈرمۈشلىرىنى يېزىپ چىقىمەن دىسەم دوستۇممۇ قوشۇلدى ...............

ئاچچىق تەقدىر

ئەقىدە

ئەلكىن مۇنبىرىدىن ئەقىدە يازمىسى

تەقدىر دىگەن ئاجايىپ بولىدىكەن،دۇنيادىكى بىز ئىرەن قىلمايدىغان كىچىكىنە سەۋەنلىكمۇ ئادەمنى ئاجايىپ تەقدىر كوچىسىغا باشلاپ كىرىدىكەن.مورىتى كەلگەندە كىشىنى شۇم چاڭگىلىدا خالىغانچە ئوينىتىدىكەن...................

دىلنۇر ئائىلىسىنىڭ ئەتىۋارلىق بىر قىزى ئىدى،ئاتا- ئانىسى ،بوۋا -مومىلىرى ئۇنى شۇنداق ئەتىۋارلايتتى،ئويدە ھەمىشە ئۇنىڭ دىگىنى ھىساپ ئىدى،ئۇنىڭ سۆزىنى ھىچكىم يىرىمايتتى.لىكىن شۇنچە ئەركە ئۆسكەن بۇ قىزنىڭ مىجەزى ياخشى چىقىشقاق ئىدى،دوستلىرى

بىلەن ياخشى ئۆتەتتى،مەكتەپتىمۇ ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا خېلى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى،ئۆزى ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ،ئىغىر بېسىق خارەكتىرى،چىقىشقاق مىجەزى،تاتلىق سۆزلىرى بىلەن ئادەمگە شۇنچىلىك يېقىشلىق ئۇماق كۆرۈنەتتى..........

ئۇ تېخنىكۇمنى تۈگۈتۈپ ئۆيدە خىزمەت كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە تۇيۇقسىز پۇت قوللىرى ئىششىۋالىدىغان بولۇپ قالدى،بەزى كۈنلىرى قاپاقلىرىمۇ قوشۇپ ئىششىپ كىتەتتى،ئاتا ئانىسى بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسەتتى...

نىمە قىسمەت بۇ؟؟؟؟ دوختۇرلار تەكشۇرۇپ كۆرۈپ بورەك زەئىپلىكى دەسلەپكى باشلىنىشى ئىكەن دىدى ۋەبالىنىستا يېتىپ داۋالانسا ياخشى بولۇپ كىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى....

بىر مەزگىل داۋالانغاندىن كىيىن ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقتى لىكىن تازا ياخشى بولۇپ كىتەلمىگەن ئىدى،دائىملا ئەتتىگەن تەرەپتە ھو تۇتۇپ كىتەتتى،خېلى ۋاقىتلارغىچە ناشتا قىلغۇسى كەلمەيتتى ئانىسى ئىشلەيدىغان بولغاچقا ئۇنىڭ تاماق يىمەي يۈرگىنىنى بىلمەيتتى،بۇنداق بولىشىغا قارىماي ئۇ سەمىرىشكە باشلىدى ،بارا-بارا بۇرۇنقى كىيىملىرى پاتمىدى،ئاتا-ئانىسى بولسا بۇنى قىزىنىڭ ياخشى بولۇپ قىلىشى دەپ ئويلاپ پەرۋا قىلماي يۈردى،ئۇ بولسا ئۆزىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئارتىپ كىتىۋاتقان بەدەن ئېغىرلىقىغا قاراپ تېخىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۇرۇقلاش ئۈچۈن كۆنلەپ تاماق يىمىدى

ئاخىرى بىر كۈنى ئاتا-ئانىسى يوق ۋاقىتتا ھۇشىدىن كەتتى.................

ھۇشىغا كەلگەندە بولسا ئۆزىنى كىسەل كارۋىتىدا كۆردى ،ئۇنىڭ سول تەرەپ بۆرىكى زەئىپلىشىپ پۈتۈنلەي يىگىلىگەن ئىدى.يەنە بىرسىمۇ زەئىپلەشكەن بولغاچقا زەھەر تازىلىيالماي بەدەنىنىڭ ئىچكى ئاجرالمىلىرىنىڭ تەمپۈگىلىقى پۈتۈنلەي يوقالغان ئىدى ،دوختۇرلار بورەك ئالماشتۇرمىساڭلار قىزىڭلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمايدۇ،دەرھال ئاپتۇنوم رايۇنلۇق دوختۇرخانىغا يۆتكەپ ئوپراتسىيە قىلىدۇرۇڭلار قانچە تىز بولسا شۇنچە ياخشى دىدى،ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى ئىدى ،ئوپراتسىيە چىقىمىنى كۆتىرەلەيتتى ،شۇ كۈنى دىلنۇرنى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئىلىپ كەلدى.............لىكىن دىلنۇرغا تۇنۇشلىرىدىن ھىچ كىمنىڭ بورىكى ماس كەلمىدى،ئاتا ئانىسىنىڭمۇ تازا بىشى تازا قاتتى ئىلان بىرىپ بورەك تەقدىم قىلغۇچىغا 200000مىڭ يوەن بىرىدىغانلىقىنى ئىيتقان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ماس كىلىدىغان بورەك تىپىلمىدى

دىلنۇرنىڭ ئاتا ـئانىسى شۇنداق تىت ـ تىت بولاتتى،ئەنسىرەيتتى،ئۇلار كىسەل كارۋىتىدا ياتقان قىزىغا قاراپ تۇگۇشۇپ كىتىۋاتاتتى، لىكىن ماس كىلىدىغان بورەكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى،دىلنۇر بولسا كۈندىن كۈنگە ھالسىزلىنىشقا باشلىدى،بىچچارە ئانىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرمايتتى،ئاتا بولسا ،بىر تىرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئىدى،بۇ قەدىردانلار بالا دەردىدە گۇلخاندەك ياناقتا ئىدى................

شۇنداق ئۇمۇتسىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارغا ئۇمۇت چىرىغى يىقىلدى،ئۇنىڭغا

ماس كېلىدىغان بورەك تېپىلدى، تېخىمۇ خوشال قىلىدىغىنى بورەك تەقدىم قىلغۇچى ھەقسىز تەقدىم قىلماقچى بولدى.............

ئوپېراتسىيە تولىمۇ ئوڭۇشلۇق بولدى،دىلنارمۇ تېزلا ئەسلىگە كەلدى،ئۇلار يۇرتىغا خۇشال قايتىپ كەلدى.

دىلنار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن دەم ئېلىپ بىر تەرەپتىن مەمۇرلۇق ئىمتاھانغا تەييارلىق قىلىشقاتتى،ئەزەلدىنلا تىرىشچان بۇ قىز تەڭرى ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتىنى تېخىمۇ قەدىرلەش ،كۆڭلىرىنى بىكار ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆيدە ماتېريال كۆرۈپ ئولتۇراتتى ،ئۆيى تېلېفونى جىرىڭلاپ كەتتى،تېلفاۋنى ئالغان ئىدى تىلگىراف ئىدارىسىنىڭ مەلۇم بىر تېلېفون تورىنى تەشۈق قىلىپ ئۇرۇلغان تېلېفونى ئىكەن،

تېلېفوندىن بىر قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى،

ـ ياخشىمۇ سىز ،بۇنۇمۇرغا تېلېفون قىلسىڭىز دوسلىشىش ،پاراڭلىشىش..............................

دەپ بىرمۇنچە تونۇشتۇردى،ئۇ قىزىقىپ بۇ نومۇرغا تېلفاۋن ئۇرغان ئىدى ،سىستېمىغا ئۇلانغاندىن كېيىن،

ـ بىر 18ياشلىق قىز دوستىسىز بىلەن پاراڭلاشماقچى................دەپ ئاۋازلىق ئەسكەرتمە ئاڭلاندى،ئۇ مەقسەتسىزلا قوبۇل قىلدى،تېلېفوندىن بىر يىگىتنىڭ،

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.ياخشىمۇ سىز ؟دىگەن تەمكىن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ قىزبالا دىگەنتى،سىز ئوغۇل بالا ئىكەنغۇ؟دىدى ئۇ تەمتىرەپ تۇرۇپ.تېلېفوندىن كۈلكەئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ شۇنداق،قىز بالا دىمىسەم قىزلار قوبۇل قىلمايدىكەن ئەمەسمۇ؟؟؟ ئىككىسى تەڭلا كۈلىشتى، ـ سىز بۇ سىستىمىغا بۇرۇنمۇ كىرىپ باققانما؟

ـ ياق،بۈگۈن تۇنجى كىرىپ بېقىشىم.

ـ ئەجەپمۇ تەلەيلىك ئىكەنسىز، كىرىپلا مەندەك ياخشى دوستىن بىرنى تېپىۋالدىڭىز مانا، ئىسمىم ئەزھەر،تۇنۇشۇپ قالايلى ............تەڭلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى،يىگىت بەكلا خۇشچاقچاق ئىدى.ئۇلارنىڭ پارىڭى مانا مۇشۇنداق باشلىنىپ كەتتى،ھەممە قىسمەتمۇ شۇ بىر قېتىملىق تېلىفۇندىن باشلانغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار تېلىفۇندا پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى،دەسلەپتە ئىككى ئۈچ كۈندە بىر تېلىفۇنلاشتى،كىيىنچە كۈندە،...............ئۇندىن كىيىن كۈندە نەچچە قېتىم تېلىفۇندا كۆرىشىدىغان بولدى،بىرەر كۈن تېلىفۇن كەلمىسە كۆڭلى شۇنداق يېرىم بولىدىغان بولۇپ قالدى،ئۇلار جەمئىيەت،دىن،مىللەت، كەلگۈسى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى.........................ئىشقىلىپ سۆزلىشىدىغان تېمىسى بەك كۆپ ئىدى،بىر ـ بىرىگە سۆزلىرى تۈگىمەيتتى،يىگىتنىڭمۇ ئونۋىرسال بىلىمى خېلىلا مول،ئۆزى چىقىشقاق ئىدى .

بىر كۈنى ئۇنىڭغا تېلىفۇن كەلمىدى،كۈتە ـ كۈتە كەچمۇ بولدى يەنە سادا يوق كۆڭلى شۇنداق يېرىم بولدى،كەچلىك تاماقنىمۇ يەپ بولدى ھېچ گەپ يوق،........................ئۇ ئاخىرى كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا كەلدى،لىكىن بىرەر نەرسە ئىچىش خوش ياقماي ئۇنى،بۇنى قىلىپ ئولتۇردى.دەل شۇ چاغدا ئۆي تېلىفۇنى تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ كەتتى.ئۇ يۈگرەپ بارغىنىچە تېلىفۇننى ئالدى.لىكىن تېلىفۇن ھامىمىسىدىن كەلگەن ئىدى ئۇ

هال ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ئاپىسىنى چاقىرىپ قويدى.......................

نىمە ئىش بولغاندۇ،نىمىشقا تېلىفون قىلمايدىغاندۇ؟ ......................ۋاي ئۇ مىنىڭ نىمەمتى بۇنچە تېلىفۇننى كۈتۈپ كېتىدىغان ،بولدى قىلاي ئۆزۈمنى بېسىۋالاي.ئۇ شۇنداق ئويلىسىمۇ لېكىن يۈرىكى بۇنىڭغا يول قويمايتتى،ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ يا؟.؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سۇئالىدىن چۆچۈپ كەتتى.

ياق-ياق..........مۇمكىن ئەمەس .بىز بىرەر قېتىم كۆرۈشۈپ باقمىساق ....قانداقلارچە..........ياق بۇ مۇمكىن ئەمەس.........

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن ئۆزىنىڭ قانداق چاغدا ئۇيقىغا كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى...............تۇيۇقسىز تۇۋلىغان تېلىفۇن ئۇنى ئۇيقىدىن ئويغاتتى...................

،-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،

-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،قارشى تەرەپتىن ئەزھەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

-يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟؟؟نىمىشقىدۇر دىلنۇرنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى.

-مىنى كۆرگىڭىز كەپتۇ ھە شەيتان قىز؟شۇ سەل ئالدىراش بولۇپ قېلىپ...............بىكار بولۇپلا سىزگە تېلىفون ئۇرۇشۇم............

-كىمنىڭ سىزنى كۆرگىسى كەپتۇ؟سەل ئەنسىرىدىم شۇ.

-ھە شۇنداقمۇ؟

-شۇنداق بولمايچۇ؟

-مىنىڭدىن نىمىشقا ئەنسىرەيسىز؟.يا مەن كىچىك بالا بولمىسام،ئۇ كۈلدى

دىلنۇرمۇ خىجىللىق ئارلاش كۈلدى،نىمىشقىدۇر ئۇلار بۈگۈن خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى،ئەتە يەنە خىزمەتكە بارىسىزغۇ دەيمەن،بولدى ئەمدى ئارام ئېلىڭ،دېدى دىلنۇر،گەر چە تېلېفۇننى قويغىلى قىيالمىسىمۇ..............

توختاپ تۇرۇڭ دىلنۇر،تېلېفۇننى قويماڭ،سىزگە دەيدىغان سۆزۈم بار،

ـ ھە دەڭە ئەمىسە...

ـ دىلنۇر،نىمىشقىدۇر سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىمىسام ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم،سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم دىلنۇر،بۇ سۆزلەرنى ئەسلى كۆرۈشكەندە دەي دىگەن ،ئۇ ۋاقىتتا جۈرئەت قىلالماسلىقىم مۇمكىن،شۇڭا...............

ـ تۇيۇقسىز دىيىلگەن بۇ گەپلەردىن ئۇ گاڭگىراپ قالدى.

ـ ئەزھەر، بۇنداق دىسىڭىز بولمايدۇ،مىنى قانچىلىك چۈشىنىسىز ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىز تېخى كۆرۈ شۈپ باقمىغان تۇرساق.......

ـ توغرا بىز كۆرۈشۈپ باقمىغان، لىكىن سىزنىڭ ياخشى بىر قىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن..............

شۇنداق قىلىپ ئۇلار پاڭلىشىپ تاڭنىڭ يورىغىنىنى سەزمەي قالدى،ئۇلار بىر ـ بىرىگە قىيالمىغان ھالدا خوشلاشتى.

چۈشتە ئەزھەر يەنە تېلېفۇن قىلدى،ئەسلى ئاخشام دەي دىگەن گۈلۈم،لىكىن نىمىشقىدۇر دىگۈم كەلمىدى،مەن بۈگۈن كەچ شىركەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرشى بىلەن ئۈرۈمچىگە تەجرىبە ئۆگۈنۈشكە بارماقچى، ئىمتاھانىڭىزمۇ يېقىنلاپ قالدى،شۇ ۋاقىتتا يېنىڭىزدا بولالمىغىنىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن،ھازىر يېزىدىكى ئۆيۈمگە بېرىپ ئانام بىلەن خوشلۇشۇپ كىلەي ـ دېدى.

ـ شۇنداق تېزلا ماڭامسىز؟

ـ ھە،شۇنداق بولۇپ قالدى،لېكىن كۈندە تېلېفۇندا كۆرۈشۈپ تۇرىمىز.............

ئۇلار مۇشۇنداق قىسقىلا خوشلاشتى.

دىلنۇر ئىمتاھاننى شۇنداق ياخشى بەرگەن ئىدى،ئۇ گەرچە ئوتتۇرا تېخنىكۇمنىلا تۈگەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ كەسپىگە كۆپ ئادەم ئالاتتى،شۇڭلاشقا ئۇ ئىمتاھاندىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتتى..................

ئۇلار ھەر كۈنى كەچ تاڭ ئاتقۇچە مۇڭدىشىپ چىقاتتى،بىر ـ بىرىنى سېغىنغانلىرىنى سۆزلىشەتتى.

دىلنۇر ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشقا چۈشتى،گەرچە يېزا تۇرمۇشىغا كۆنەلمىسۇ،ئۇماق سەبىلەرنىڭ ساددا سۆزلىرى،تاتلىق قىلىقلىرى ئۇنى بەزلەيتتى،كۆڭلى يېرىم بولغان ياكى خوشال بولغان چاغلاردا ئەزھەرگە تېلېفۇن ئۇراتتى....

مانا ھەش پەش دېگۈچە ئۈچ ئايمۇ توشۇپ،ئەزھەرنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى،بىر بىرىگە زارىققان،كۆرۈشكە تەشنا بولغان بۇ ئاشىقلارنىڭمۇ كۆرىشىدىغان ۋاقتىغا ئاز قالدى،دىلنۇر بىر تەرەپتىن خوش بولسا،بىر تەرەپتىن سەل ئەندىشىمۇ قىلاتتى،

ـ ئۇ مىنى يارىتارمۇ؟ ناۋادا ئۇنىڭغا يارىماي قالسام قانداقمۇ قىلارمەن...........ئۇ شۇنداق ئويلايتتى،لېكىن ئۇنى كۆرۈش ئىستىكى دائىم ئۇنى قىيناپتتى................

مانا بۈگۈن بۇ ئىككىسى كۆرۈشمەكچى بولدى،دىلنۇر تەمتىرەپلا قالغان ئىدى،ئۇ چامىدىنىدىكى كىيىملەرنى ھەممىسىنى بىر قۇر كىيىپ

چىقتى،ئاربدا ئەزھەر نەچچە قېتىم تېلېفۇن قىلىپ ئۇنى ئالدىراتتى،ئۇ ئاخىرى ئۆيدىن چىقتى..

ئۇ دېيىشكەن جايغا كەلگەندە ئەزھەر ئاللىبۇرۇن كېلىپ ساقلاپ ئولتۇرغان ئىدى،قولىدا كۆتىرىۋالغا يوغان بىر دەستە ئەتىرگۈلدىن ئۇنى تونىغان بولسىمۇ لېكىن يەنىلا تېلېفۇننى قولىغا ئالدى...............

يىگىت چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.............

ئۇلار بىرگە تاماق يېيىشتى،ئۇندىن كېيىن ،بىردەم پاراڭلاشتى،ئۇندىن كېيىن دىلنۇرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولۇپ پىيادە مېڭىشتى،ئەزھەر بەك قاملاشقان سالاپەتلىك ئىدى،دىلنۇر ئۇنىڭ ئالدىدا بەكلا قورۇنۇپ قالغان بولۇپ،گەپ سۆزلىرىمۇ قولاشمايتتى.

ئۇلار خوشلۇشۇپ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ،ئۇنىڭ قاملاشقان سىماھى،ئاپئاق يۇزىگە خويمۇ ياراشقان بۇرۇتلىرى،چوڭ ـ چوڭ قوي كۆزلىرى خوشپىچىم ئىگىزگىنە كەلگەن قامىتى كۆز ئالدىدىن كەتمىدى..................

ـ ئۇخلاپ بولدىڭىزما؟ئۇ تېلېفۇننى ئېلىشىغىلا شۇنداق دىدى،

ـ ياق تېخى ،ئۇخلىمىدىم ،هازىرلا ئۇخلايمەن،

ـ هە بوپتۇ،مەنمۇ يېزىغا ماڭدىم ،ئاپام بىلەن كۆرۈشۇپ كىلەي،كەلگەندە كۆرىشەيلى................

ئۇلار قىسقىلا خوشلۇشۇپ تېلېفۇننى قويىۋېتىشتى،بۇنىڭدىن دىلنۇرنىڭ يۇرىكى بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى.

كۇنلەر ئۆتمەكتە،ئۇلار ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرىشەتتى،تاماق يەپ بولۇپلا دىلنۇرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتاتتى، دىلنۇرغا كۆرۈشمىگەن

چاغدىكىدەك قىزغىنمۇ ئەمەس ئىدى.

بۇنىڭدىن دىلنۇر ئازاپلىناتتى،ئۇنىسىز ياش تۆكەتتى.

شۇنداق كۆڭلەرنىڭ بىرىدە،ئەزھەر ئۇنىڭغا كۆرۈشىشنى ئېيتتى،ھەمدە مۇھىم گەپنىڭ بارلىقىنىمۇ ئەسكەرتتى.

ئۇلار چىرايلىق بېزەلگەن بىر چايخاندا كۆرۈشتى،بىر دەم ئۇيەر بۇ يەردىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن،ئەزھەر ئېغىز ئېچىپ قالدى،

ـ دىلنۇر،بىلىمەن سىز ياخشى قىز،ئىشىنىڭ مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن،سىزگە ئازار بەرگۇم يوق،چۈنكى سىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىڭىز ماڭا ئايان،لېكىن ئاپام ئىككىمىزنى توي ئىشىغا قوشۇلمايۋاتىدۇ،چۈنكى ئۇلۇپ كەتكەن تاغىسىغا قىزىنى كېلىن قىلىشقا ۋەدە بېرىپتىكەن..........

دىلنۇرنىڭ قولىغىغا كېيىنكى گەپلەر كىرمىدى،مېڭىسىدە چاخماق چاقاندەك بىر سېزىم بولدى،ئۇ پەقەت ئەزھەرنى ئېغىزى مىدىرلاۋاتقىنىنىلا كۆرەتتى لېكىن نىمە دېگىنىنى ئاڭلىمايىتتى،ئۇ شۇ تەرەققىدە قانچىلىك ئولتۇغىنىنى بىلمىدى بىر چاغدا ئىسىگە كەلدى ـ دە،ئورنىدىن تۇرۇپلا يۈگرەپ ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.................

ئەزھەر سىرتقا چىققاندا بولسا،دىلنۇر ماشىنا توسۇپ بولغان ئىدى.

ـ دىلنۇر،توختاڭ!!! سىزگە دەيدىغان سۆزۈم بار.................

ـ ھەيدەڭ،ئۇشۇپىرغا بۇيرۇق بەردى.....ماشىنا يۈرۈپ كەتتى،ئۇ كۆز ياشلىرىنى تۇتىۋالالمايلا قالغان ئىدى،كۆز ياشلار مارجاندەك قۇيۇلاتتى،ئاھ خۇدا،تەڭرىنىڭ ئالدىدا نىمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولغۇيتتىم.ھەممە كىلىشمەسلىكلەر مىنىڭ بېشىمغىلا كېلەمدىغاندۇ؟؟؟

ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئاپىسىنىڭ ـ نىمە بولدىڭىز قىزىم ـ دەپ سورىغان

سۇئالىغىمۇ جاۋاپ بەرمەي،ئۆزىنى كارۋاتقا ئاتتى.قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن تېلېفۇنى سايراپ كەتتى،ئەزھەردىن تېلېفۇن كەلگەن ئىدى،بىسىۋەتتى يەنە ئالغان ئىدى تېلېفۇننى ئىتتىۋەتتى.

ئوي تېلېفۇنى توۋلىغان ئىدى ،سىممىنى ئېلىۋەتتى،بۈگۈنكى ئىش ئۇنىڭ قاتتىق غورورىغا تەككەن ئىدى،ئەزەلدىنلا ئەركە بۇ قىزغا بۇ ئىش بەكمۇ ئېغىر كەلدى،ئەتىسى شەنبە بولغاچقا ئورنىدىنمۇ تۇرمىدى ،ئانىسى شۇنچە زورلىسىمۇ تاماق يېمىدى...................

ئۇنىڭغا كۈنلەر شۇنچىلىك مەنىسىز ئۆتىۋاتقاندەك بىلىندى.ئەزھەردىن تېلفاۋن كەلسە قەتئىي ئالمىدى،دادىسى باشقا شەھەردە شىركەت قۇرغاچقا كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆيگە كەلمەيتتى،ئۇ مېھرىبان ئانىسى بىلەن بىللە قالاتتى.قىزنىڭ كۈندىن كۈنگە شۈكلەپ قېلىشلىرى ئانىنىڭ باغرىنى تىلاتتى،بىر كۈنى ئانا قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ نىمە بولغانلىقىنى سورىدى،ئۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئانىسىغا ئېيتىپ بەردى،ئانىسىمۇ كۆز ياش قىلدى.

ـ بولدى قىزىم،بۇ ئىشلار بىلەن ئۆزىڭنى تۈگەشتۈرۈۋەتمىگىن،دۇنيادا ياخشى يىگىتلەر كۆپ ،ھاياتلىق يەنىلا قىممەتلىك،ئۇنى ئاسرىغىن............... ئانا ئۇنىڭغا نۇرغۇن ھىكمەتلەرنى چۈشەندۈردى.....ئۇ ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ كەتتى.لىكىن كۈنلىرى بىرخىل يالغۇزلۇق بۇرۇختۇمۇلۇق ئىچىدە ئۆتىۋاتقاندەك بىلىندى، ئۇنىڭغا ھىچ ئىش خوش ياقمايتتى،ھەتتا دوسلىرى بىلەنمۇ كەمدىن كەم كۆرۈشەتتى ،كۈندۈزلىرى خىزمەت بىلەن ئالدىراش ئۆتسە كەچلىرى يالغۇزلىقتىن غېرىبسىناتتى،شۇندا ق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ساۋاقدىشى ۋە ئادەتتە

ياخشى ئۆتىدىغان ئىبلىيار ئۇنىڭ ئۆيىگە ئادەم كىرگۈزدى،بۇنىڭغا ئۇ ھەيران قالدى ،چۈنكى ئىبلىيار ئۇنىڭغا بۇ ئىش توغۇرلۇق ئېغىز ئاچمىغان ئىدى.لىكىن ئەزھەر بىلەن بولغان ھەممە ئىشلارنى بىلەتتى،ئەزھەرنىڭ يېقىندا توي بولغىنىنىمۇ بىلەتتى،توي بولغان كۈنى ئۇلار بىللە دەريا ساھىلىغا چىققان.ۋە دەرياغا تاش ئېتىشىپ ئويناپ كەچ بولغاندا قايتقان ئىدى.............

ـ ئۇنىڭ مەقسىتى نىمىدۇ؟ماڭا ھىسداشلىق قىلماقچىمىدۇ،يا راسلا مىنى ياخشى كۆرەمدىغاندۇ؟؟؟؟

ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا بۇ تويغا رازىلىق بەردى،چۈنكى ئۇ ئەزھەردىن ئوچ ئالماقچى بولغان ئىدى،جىددى توي تەييارلىغى قىلىنىپ توي ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلدى،دىلنۇرنىڭ دادىسى بۇ ئارزۇلۇق قىزىغا شەھەر مەركىزىدىن بىر يۇرۇش ئوي سېتىۋىلىپ توي سوغىسى قىلدى.لىكىن دىلنۇر قىلچىمۇ خوشال ئەمەس ئىدى،ئۇ ئەزھەرنى ئۇنتۇپ كىتەلمىدى.ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىبلىيارمۇ باشتا ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ كىيىن ئۆزىنىڭ رەزىل نىيىتىنى ئاشكارىلىدى،ئۇ قىمارغا كونىۋالغان بولۇپ پات ـ پات دىلنۇرنى ئۆيىدىن پۇل ئىلىپ كىلىشكە زورلايتتى،لىكىن ئۇ ئۇنىمايتتى،بۇ چاغدا قوپ تىرىسىگە ئورىنىۋالغان بورە ئۇنى رەھىمسىزلەرچە ئۇراتتى،ئۇنىڭ كۆزلىگىنى دىلنۇر بولماستىن بەلكى دادىسىنىڭ نۇرغۇن پۇلى،ۋە شىركىتى ئىدى ،بۇنى دىلنۇر بەكمۇ كىچىكىپ ھىس قىلدى،لىكىن ئۇ بۇ ئازاپلىرىنى ھىچكىمگە تىنمايتتى....................

كۈندە مەس كىلىپ دىلنۇر بىلەن ئۇرىشاتتى ،ئەتىسى مەستلىكتىن

يىشىلگەندە بولسا ـ تىزلىنىپ ئۆلتۈرۈپ كەچۈرۈم سورايتتى،ۋە ئىككىنچى قىمار ئوينىماسلىق،هاراق ئىچمەسلىك توغرىسىدا قەسەم ئىچەتتى..........

ئادەملەر نىمانچە ئەپۇچان كېلىدىغاندۇ؟؟؟دىلنار ئۇنى يەنىلا ئەپۇ قىلىۋېتەتتى......

بىرمەزگىل هەممە ئىشلىرى ياخشى ئۆتۈپ كىتىۋاتقاندەك بىلىندى،كۆپ ئۆتمەي يەنە بۇ هىلىگەر تۈلكە ئۆزىنى ئاشكارىلىدى،كىچە ـ كىچىلەپ ئۆيگە پەيدا بولماي قىمار ئوينايتتى،هاراق ئىچەتتى،دىلنار گەپ قىلسا سەت گەپلەر بىلەن هاقارەتلەپ تىللايتتى...............

شۇنداق قىلىپ كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتىۋەردى،بىركۈنى ئۇ نەرسە سېتىۋالغىلى بازارغا چىققان ئىدى ،قايتاشىدا ئەزهەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى،ئۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان ئىدى لىكىن ئەزهەر تىزلا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـ ياخشىمۇسىز دىلنۇر؟قانداق ئەهۋالىڭىز؟

ـ ياخشى ،ئاللاغا شۈكرى،سىزچۇ؟

ـ مەنمۇ ياخشى،سىزنى توي قىلدى دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟

ـ هە......

ـ تۇرمۇشىڭىز كۆڭۈللۈكتۇ؟

دىلنۇر ئۈندىمىدى،ئۇ كۆزلىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى ئارانلا يوشۇرۇپ تىزلا خوشلاشماقچى بولدى.

ـ توختاپ تۇرۇڭ،سىزنىڭ تۇرمۇش شىڭىزغا ئارلاشماقچى ئەمەسمەن،بەزى گەپلەرنى ئاڭلىدىم،بەختسىز بولسىڭىز بەختىڭىزنى قايتىدىن تېپىشقا

ھۇقۇقىڭىز بار،مەنمۇ ياخشى بوللاماي ئايرىلىپ كەتتىمغۇ؟؟؟ئۆزىڭىزنى بۇنچە قىينىماڭ.ئالدىراپ قىلىنغان نىكاھ مۇستەھكەم بولمايدىكەن......................

ــ بولدى قىلىڭ،مىنىڭ بەختىم ئاللا بۇرۇن باشقىلار بىلەن كەتكەن.................ئۇشۇسۆزنى دىدى دە،ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كىتىپ قالدى............

ئارىدىن بىر قانچە كۈنلەر ئۆتتى ،بۇگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا دىلنۇر ئويلەرنى تازىلىدى،ئۇندىن كىيىن تىلۋۇزور كۆرۈپ ئولتۇردى،كۆزى تىلۋۇزوردا بولغان بىلەن دىققىتى بىلەك يەردە ئىدى،كىچىدىن ئېلىيار ئۆيگە كەلمىدى،ئۇ خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا تېلىفۇنى توۋلاپ قالدى،بۇ ئەزھەرنىڭ نومۇرى ئىدى،ئۇ ئالايمۇ ئالمايمۇ؟ئىككىلىنىش ئىچىدە تېلىفۇننى قولىغا ئالدى.

ــ ياخشىمۇ سىز؟؟نىمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

ــ ياخشى،شۇ ئۆيدە ئولتاردىم.

يولدىشىڭىز يوقما؟

ــ يوق

ــ ھە،تونۇگۇن كەچ ئۇنى مەن كۆرگەن ئىدىم شۇڭا سورىشىم.

ــ قەيەردە كۆرگەن ئىدىڭىز؟

ــ بولدى سورىماڭ،دىلنۇر بىز كۆرىشەيلى بولامدۇ؟بۇگۇنلا كۆرىشەيلى،سىزگە دەيدىغان گىپىم بار.

ــ بولدى ،مۇشۇ تېلفاۋندىلا دەڭ.

ــ بەك جىق گەپ،تېلىفۇندا دەپ بولالمايمەن،مۇشۇ بىر قېتىم ماقۇل دەپ

كىلىدىڭ،بولامدۇ؟ئۇندىن كېيىم كۆرۈشمىسەكمۇ مەيلى.

ـ دىلنۇر ئىككىلىنىپ قالدى،باراي دېسە ئۆزى توي قىلىپ بولغان ،ئېرى بار ئايال،بارماي دېسە ئۇنى ياخشى كۆرگەن بولغاچقا ئۇنىڭ نېمە دەيدىغىنىغا بەك قىزىقاتتى.

ـ مەن ئويلىنىپ باقاي...........

ـ مۇشۇنىڭغىمۇ ئويلىنىش كېتەمدا؟ بوپتۇ،يېرىم سائەتكىچە جاۋابىنى بىرىڭ.

ئۇ ئاخىرى بېرىش نىيىتىگە كېلىپ تېلېفوننى قولىغا ئالدى...........................

سىرتتا كۆرۈشۈش ئەپسىز بولغاچقا ئۇنىڭ ياتىقىغىلا بارىدىغان بولۇپ كېلىشتى،ئۇ تىزلا ئويىدىن چىقتى.

كۆرۈشۈپ بىردەم ئۇنى بۇنى دېيىشكەندىن كېيىن ئەزھەر گەپنى باشلىدى.

دىلنۇر،ئويلاپ باقسام سىزنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن،بۇنى بەكمۇ كېچىكىپ ھىس قىلدىم.ئايالىمغا مېھرىمنى بېرەلمىدىم ،

ـ بولدى سۆزلىمەڭ.

ـ ياق دىلنۇر،مېنى سۆزلىگىلى قويۇڭ،بەخىت قۇشى بېشىدىن ئەگىپ يۈرسە بەخىت ئىزدەپ كەتكەن مەندەك ئەقىلسىزنى ئاخىرقى بىر رەت بولسىمۇ سۆزلىگىلى قويۇڭ..........

ـ بولدى قىلىڭ ئەزھەر،سىزنىڭ ئايالىڭىز،مېنىڭ ئېرىم بار،بىز ئايرىم ئىككى قۇتۇپتا ياشاۋاتىمىز،ئەمدى ھەر قانچە پۇشايمان قىلسىڭىزمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

ـ ئۆزىڭىزنى ئالدىماڭ بولامدۇ؟دوستىڭىز رەيھاندىن مەن ھەممىنى

ئاڭلىدىم،ئۇ نائەھلىنىڭ سىزنى ئۇرۇپ دوختىرخانىدا ياتقۇزۇپ قويغانلىغىنىمۇ بىلدىم،سىز ئاجىرشىپ كىتىڭ بولامدۇ،بىز قايتىدىن باشلايلى،دۇنيادىكى ئەڭ-ئەڭ بەختلىك بىر جۇپلەردىن بولايلى...........ماقۇل دەڭ دىلنۇر،بۇ تەلىۋمنى ھەرگىز رەت قىلماڭ.

-بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟سىزنىڭ ئايالىڭىز بار تۇرسا؟

-بىز ئاللىبۇرۇن ئاجىرشىپ بولدۇق،ئەمدى سىزلا قەتئى نىيەتكە كەلسىڭىز،مەڭگۇ ئايرىلمايمىز جېنىم...........

ئۇشۇنداق دىگەچ دىلنۇرنىڭ قوللىرىنى تۇتتى،دىلنۇر قوللىنى ئىتتىك تارتتى.

ئۇنداق قىلماڭ ئەزھەر،ئۇ ھەر قانچە ئەسكى بولسىمۇ مىنىڭ يولدىشىم ئۇنىڭغا يۈز كىلەمەيدىغان ئىش قىلسام بولمايدۇ،ئۇ شۇندا دىگەچ ئورنىدىن دەس تۇردى.

-بولدى ،بولدى تۇتمىدىم ئولتىرىڭە،

-مەن قايتاي .ھېلىمۇ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتىم.

ئۇ شۇنداق دەپ سىرتقا ماڭدى،ئەزھەرمۇ ئارتۇقچە بىر نەرسە دىمەيلا ئۇزۇتۇپ قويدى،يولدا كىتىۋېتىپ ئۇ نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى،ئۆزىنى ئەيىپلىدى،-نىمىشقا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم،مەن ئىرى بار ئايالغۇ؟ئىلگىرى بۇنداق پەسكەشلىكلەرگە شۇنداق نەپرەتلىنەتتىمغۇ؟ياق-ياق بۇ پەسكەشلىك ئەمەس مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ نىمە كۈنلەرنى كۆرمۇدۇم.مەنمۇ ئادەمدەك ياشاشقا ھوقۇقلۇق ،تېخى 22ياشقا كىردىم بۇندىن كىيىنكى ھاياتىمنى يەنە شۇنداق ئازاپ ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە رازى ئەمەس،ئەزھەر دىدىغۇ بەختلىك ياشايمىز

دەپ..................ئۇ شۇ خىياللار بىلەن پىيادە مېڭىپ ئۆيىگە كەلگىنىنىمۇ سەزمەي قالدى.ئۆيدە ئېلىيار بار ئىدى،ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا،

ـ ھە ،قەيەردە يوق دەسسەپ يۈردۈڭ لالما ،ھازىر غىچە تاماق قىلماپسەنغۇ؟

ـ ئېغىڭىزنى بۇزماڭ ئېلىيار ،ھازىر قىلسامىمۇ بولىدىغۇ.تېخى كەچمۇ بولۇپ كەتمىدى.

ـ ئاپاڭغا ئاپىرىپ بىرە ھازىرغىچە ئەتمىگەن تامىقىڭنى،ئىشىم بار ئادەم مەن.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچ چاپىنىنى كىيىپ تۇرىشىغا تېلىفۇنى تۇۋلىدى،ـ ھە ،ھازىر ماڭدىم سەل ساقلاپ تۇر،قارشى تەرەپنىڭ ئاۋازىنى ئۇ ئىنىق ئاڭلىدى بۇ بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ـ يەنە بىر يەرگە بارامسىز؟

ـ نىمە كارىڭ،سەت قاراپ تۇرماي پۇلدىن 500كۆي ئاچىقىپ بىرە .

ـ ئۆيدە ئۇنچىلىك پۇل قالمىدى.

ـ نىمە دەيسە پاسكىنا،مائاش كارتامنى ساڭا بېرىپ ئەمدى سەندىن تىلەپ خەجلەيدىغان بولدىمما؟

ـ ئۇنداق سەت گەپ قىلماڭ .كارتىڭىز مانا،ئۇ سومكىسىدىن كارتىنى ئېلىپ ئېلىيارغا سۇندى كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياش تۆكۈلەتتى.

ـ ئەكىلە،ئۇسلىكىپ ئالدىدە ئىشكنى جاڭگىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى.دىلنۇر،چەكسىز ئازاپ ۋە خورلۇق ئىچىدە سىرىلىپ تۇرغان جايىغا ئولتۇرۇپ قالدى،يىغىدىن كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى.

شۇ پەيتتە ئۇنىڭ تېلىفۇنىغا ئۇچۇر كەلدى،ئۇچۇرنى ئەزھەر يازغان

ئىدى،_قانداق ئويگە تىچ ئامان باردىڭىزمۇ؟ئۇ بۇ ئۇچۇرنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتىۋالالماي قاتتىق يىغلاپ كەتتى،ۋە ئەزھەرگە تېلىفۇن قىلدى.

_ۋەي،ئۇتېلىفۇن ئۇلانغاندىمۇ يىغىدىن توختىمىغان ئىدى،_نىمە ئىش بولدى تىزرەك ئېيتىڭە،دىلنۇر يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى.

_ۋۇ نائەھلى بولدى يىغلىماڭ،ياخشى ئارام ئېلىڭ،ئۇ كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئاجىرشىش تەلىۋىنى ئۆتتۇرغا قويۇڭ، قوشۇلمىسا سوتقا ئەرىز قىلىڭ،ئۇ ماقۇل دىدى ۋە خوشلىشىپ تېلىفۇننى قويىۋەتتى،ئورنىدىن تۇرۇپ نەرسە كىرەكلىرىنى يۇغۇشتۇرۇپ ئانىسىنىڭ ئويىگە كەلدى.قىزنىڭ سولغۇن چىرايىدىن بىر نەرسىنى ھىس قىلغان ئانا ئارتۇق گەپ قىلماي ئالدىغا تاماق كەلتۇردى.

_نىمە بولدىڭىز قىزىم ،يەنە ئۇرۇشۇپ قالدىڭلارمۇ؟بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە ئانىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى...............

_مەن چىدىمىدىم ،پەقەتلا چىدىمىدىم ،ئۇ نائەھلى بىلەن ئاجىرشىپ كىتىمەن.ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئاپىسىغا بولغان ئەھۋاللارنى ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى،ئانىمۇ قوشۇلۇپ تارام تارام ياش تۆكتى شۇ ئارلىقتا دادىسىمۇ يىتىپ كەلدى،ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دىلنۇرنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىغىنى بىلدۇردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار سوتتا ئاجراشتى،

سوتتا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەردى،بۇنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرماي،ئىشقىلىپ ئېلىيارنى نامەرت ھىلىگە تۇلكە ئەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز،ئۇ يوق گەپلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ دىلنۇرغا قارا

چاپلىغان بولسىمۇ ،ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ھاقارەت قىلغان بولسىمۇ،بۇ ئاتا ئانا قىزىنىڭ پاك سەبى قىز ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنەتتى..............قانداقلا بولمىسۇن بۇ شۇم نىكاھ ئاخىرى ئاياقلىشىپ دىلنۇرنىڭ ئەركىن نەپەس ئالىدىغان كۈنلىرى كەلدى.

ئۇ ئەزھەر بىلەن كۇندە دىگۇدەك كورۇشۇپ تۇراتتى.كۇنلىرى خوشاللىق ئىچىدە ئۆتتى ،بۇ كۇنلەرمۇ ئۇزاققا بارمىدى.ئىككىسىنىڭ توي ئىشىغا ھەر ئىككى تەرەپتىكى چوڭلار قارشى چىقتى.دىلنۇرنىڭ ئاتا ئانىسى قىزىنى شۇنچە ياخشى كۆرسىمۇ ،دادىسى يوق.ئۇنىڭ ئۇستىگە چەت سەھرادىكى نامرات تۇل ئايالغا قىزىنى كىلىن قىلىپ بىرىشنى خالىمايتتى.ئۇنىڭ ئۇستىگە ،ئەزھەر ئوقۇش پۇتتۇرۇپ بىر شەخسى شىركەتتە يالانما خادىم بولۇپ ئىشلەيتتى ئۇ ۋاپادار ئوغۇل بولۇپ ھەر ئايلىق ئىش ھەققىدىن تۇرمۇشىغا يىتەرلىك قىسمىنى ئىلىپ قىلىپ قالغىنىنى ئاپىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزااتتى.ئاپىسى بولسا ئوزىنىڭ تۇققىنىنىڭ قىزىنى قويۇۋەتكىنىگە نارازى ئىدى ئەزھەر ئۆيگە بارسىلا ئايالىنى ئەكىلىۋىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلاتتى ۋەيۇقۇرى يەرگە ئىسىلماسلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى،

بارا بارا دىلنۇرنىڭ ئاپىسى ئىككىسىنىڭ كۆرىشىشىگە قارشى چىقتى،ھەتتا دەم ئىلىش كۇنلىرى ئويگە سۇلاپ قويدى،خىزمىتىنى شەھەرگە يۆتكەپ دادىسى ئۇنى كۆندە ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ ـ ئەكەلدى،ئۇ كۇنلىرىنى قاتتىق نەزەربەنت ئاستىدا ئۆتكىزىدىغان بولدى،چۇنكى بۇ ئاتا ـ ئانا قىزىنىڭ ئىككىنچى قېتىممۇ بەختسىز بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى ،قىزىنىڭ نامرات تۇرمۇش كەچۇرىشىگە تېخىمۇ چىدىمايتتى...

بۇ كۇنلەردە دىلنۇر تېخىمۇ ئازاپلاندى ،ئەزھەرنى سېغىندى ئۇنىڭ بىلەن

تېلفاۋندا كۆرۈشۈپ تۇراتتى.كۇنلەر شۇنداق مەنىسىز ئۆتمەكتە.ئۇ نەچچە قېتىم شۇ ئوپراتسىيەدىن چىقالماي ئۆلۈپ كەتسەمچۇ؟بۇ ئازاپلارنىمۇ كۆرمەس بولغىتتىم دەپ يىغلاپ كىتەتتى..............

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ھەممىنى تاشلاپ بۇ شەھەردىن كەتمەكچى بولۇشتى.تېلىفۇندا قانداق قىلىش ،قەيەرگە بېرىش،بارغاندىن كىيىن نىمە ئىشلارنى قىلىش توغۇرسىدا ئەتراپلىق پىلان تۈزۈشتى ۋە خەيرلىك بىر ئاخشامدا دىلنۇر تويلۇق زىبۇ ـ زىننەتلىرى ۋە ئازراق نەق پۇلنى ئېلىپ ئانىسى ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتە ئۆيدىن چىقتى.ئۇلار دىيىشكەن جايدا كۆرۈشۈپ تاكسى بىلەنلا قوشنا ۋىلايەتكە سەپەرگە ئاتلىنىپ كەتتى..............

ئۇلار ئاجايىپ بىر چۈشۈنىكسىز كەيپىيات ئىچىدە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى،ئەزھەر دىلنۇرنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنىڭغا تەسەللى بىرىپ ماڭسىمۇ ،لىكىن كەلگۈسى تۇرمۇشى ئۈزىگىمۇ قاراڭغۇ ئىدى ،شۇ تاپتا يات شەھەرگە قاراپ كىتىۋاتىمىز،بىزنى قانداق تەقدىر كۈتىۋاتار،نەلەردە تىنەپ تەمتىرەپ يۈرەرمىز،ئاپام بىچارە قانداقمۇ قىلار.................ئۇ شۇنداق نۇرغۇن ئويلىنىشلارنى قىلسىمۇ دىلنۇردىن ئايرىلىپ قالغۇسى يوق ئىدى ،كىيىنچە كىچىك بالىدەك ئۇماق مىجەزى بار بۇ سەبى قىزنى ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى...............

ئۇلار مۈرەككەپ ھىسسىيات ئىچىدە كۆزلىگەن مەنزىلگە يىتىپ كەلدى ۋە مىھمانخانىغا ئورۇنلاشتى.ئۇلار يېرىم كىچىگىچە ئولتۇرۇپ كەلگۈسى ھەققىدە پىلان تۈزۈشتى،ئۇيان ئويلىنىپ بۇيان ئويلىنىپ ئۇلار ئاۋاتراق يەردىن دۇكان ئىجارە ئېلىپ خەت بېسىپ كۆپەيتىش تەرجىمە قىلىش دۇكىنى ئاچماقچى

بولۇشتى،ئەزھەرنىڭ كومپيوتىر تېخنىكىسى يۇقىرى ئۇنىڭ ئۇستىگە 3خىل تىل بىلگەچكە بۇ ئىشنى چوقۇم ياخشىقىلىپ كېتىشىگە كۆزى يېتەتتى.

ئەتىسى سەھەر ئۇلار دىلنۇر ئېلىپ چىققان ئالتۇن زىبۇ- زىننەتلەرنى سېتىش ئۈچۈن ماڭدى ئۇ يولبويى بىر خىل بىئاراملىق ئىچىدە ماڭدى بۇلارنى ساتمايلى دىسە ئىككىسىنىڭ قولىدىكى نەق پۇل دۇكان ئېلىشقا يەتمەيتتى ساتايلى دىسە بۇنىڭغا ئوغۇللۇق غورورى يول قويمايتتى ياتاقتىنمۇ دىلنۇر بوينىنى سورىگەندەك قىلىپ ئېلىپ چىققان ئىدى............

-كەلگۈسىدە چوقۇم ئۇنىڭدىن چىرايلىقنى ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى ئېلىپ بىرىمەن گۈلۈم.

-بولدى قىلىڭە ،مەن ئۇ نەرسىلەرنى تاقاش ئۈچۈن ئەمەس،بەلكى مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن ئېلىپ چىققان،بىلىسىزغۇ مىنىڭ ئۇنداق نەرسىلەرنى ياقتۇرمايدىغىنىمنى...

-ياق بولمايدۇ،ياقتۇرمىساڭمۇ.............

-بولدى قىلىڭە ،كەلدۇق مانا،

ئۇلار ئالتۇن دۇكىنىغا كىردى ،بۇ ئالتۇنلارنىڭ بۇنچە جىق پۇلغا يارايدىغىنىنى ئۇلار ئۇيلاپمۇ باقمىغان ئىدى ،ئالتۇننىڭ باھاسى بەكلا ئۆسكەچكە ئۇلار خېلى جىق پۇلغا ساتقان ئىدى .41مىڭ يۇئەن بۇ ئىككىسى ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى.........

شۇنداق قىلىپ ئۇلار تىزلا دۇكان تاپتى لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋالدى دۇكاننى ئاچە مۇنچە بىزىگەندىن كىيىن تىجارەت باشلىدى ،5-6كۇنگە قالمايلا تىجارىتى خېلى ئېقىشقا باشلىدى ،كىلىدىغان ئىشلارمۇ

كۆپ ئىدى ئىككىسى ئاران يېتىشىپ بولاتتى،بۇنىڭدىن ئۇلار بەك خوشال ئىدى ،قىلچە هارغىنلىق هېس قىلمايتتى.

دىلنۇر ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيىدىكىلەر شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى،دادىسى ئانىسىغا تاپا قىلاتتى ،سەن ئۇلارنى نامرات كۆرمەي تويغا قوشۇلغان بولساڭ بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى،ئەمدى ئەل ـ يۇرۇت ئالدىدا يۈزۈم قالمىدى نىمە كۆرگۈلۈكتۇ ـ بۇ،دەپ قاقشايتتى ،ئانىمۇ قاتتىق پۇشايمان قىلغان ئىدى لېكىن كېيىنكى پۇشايمان پايدا بەرمىدى،ئىككى ئايدىن بىرى ئۇلارنىڭ ئىز دىرىكى بولمىدى،بۇلارمۇ ئىزدەشنى توختاتمىدى ،تۈنۈش بىلىشلىرىگە بولسا دىلنۇرنى بىلىم ئاشۇرۇشقا چىقىپ كەتتى دەپ يالغا سۆزلەپ قويغان ئىدى.

يېتىمنىڭ ئېغىزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ دىگەن راس گەپ ئوخشايدۇ،ئۇلارنىڭ دۇكىنى تازا روناق تېپىشقا باشلىغاندا نىمىشقۇدۇر ئەزهەر كېچىدە قاتتىق يۆتۈلىدىغان ،يۆتەلسىلا قان تۈكۈرىدىغا بولىۋالدى،ئۇ بۇ ئەهۋالنى دىلنۇرغا دىمىدى ،دىلنۇر ئۇنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىسىمۇ قان تۈكۈرگىنىنى كۆرمىگەچكە زۇكام ئوخشايدۇ دەپ دورا دۇكىنىدىن دورا ئەكىلىپ بەردى ،دورىنى يىسىمۇ قىلچە ئۈنىمى بولمىدى يەنىلا يۆتەل توختىمىغاندىن كېيىن ئۇنى دوختۇرخانىغا بارايلى دىدى.

ـ هېچ گەپ يوق ،ئەنسىرىمەڭ ،بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۈزۈلۈپ كىتىمەن.

ـ ياق ،تۈزەلمىدىڭىزغۇ بۈگۈن بارمىسىڭىز بولمايدۇ،مەن خاپا بولۇپ قالىمەن.

ـ ماقۇل، ئەتە بارايلى، تۈنۈگۈن كەلگەن ھېلىقى ھۆججەت بەك مۇھىم ئىكەن،ئىگىسى ئالدىرىتىپ كەتتى شۇنى تەرجىمە قىلىپ بولۇپلا ئاندىن بارايلى بولامدۇ؟

ـ ماقۇل ،ئەمىسە گېپىمىز گەپ.

شۇنداق قىلىپ بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى دىلنۇر كۈندىلا دوختۇرخانىغا بارايلى دەيتتى ،لېكىن ئەزھەر كەينىگە سۈرەتتى ،بۇ دۇكاننى يېڭىدا ئاچقان بولغاچقا تاقاپ قويسا خېرىدار تىزىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.دىلنۇرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى بولغاي.

ـ بۈگۈن سىز دوختۇرغا كۆرىنىۋىرىڭ ،دۇكانغا مەن قاراي،بىللە بارايلى دىسەم تاقىۋېتىشكە كۆزىڭىز قىيمىدى.

ـ يالغۇز يېتىشىپ بولالامسىزمۇ؟

ـ يېتىشىپ بولالايمەن ،يېتىشىپ بولالمىسام ئېلىپ قېلىپ سىز كەلگەندە بىللە قىلىمىز.

ـ ماقۇل ئەمىسە ،بەك چارچاپ كەتمەڭ.

ـ بولىدۇ.

ئۇ ئاخىرى دوختۇرغا كۆرۈنگىلى ماڭدى.يولدا ماڭغاچ خۇددى نەپەس يېتىشمەيۋاتقاندەك ھىس قىلدى.....

دوختۇر ئۇنىڭ رەسىمگە ئېلىش نەتىجىسىنى كۆرۈپ چۈچۈپ كەتتى.

ـ كىم بىلەن بىللە كەلدىڭىز؟

ـ ئۆزۈم يالغۇز كەلدىم.

ـ ئويىڭىزدىكىلەرنى چاقىرىڭ.

ـ بۇ شەھەردە مېنىڭ ئۇرۇق تۇققىنىم يوق،مەن بۇ شەھەرگە ئوقۇغىلى

كەلگەن.

ئۇ دوختۇرنىڭ بۇ سۆزىدىن تۇرۇپ ئەجەپلەنسە ،تۇرۇپ بىر بەختسىزلىكنى سىزەتتى.

ـ قانداق گەپ بولسا ماڭا دەڭ دوختۇر ،مەن بەرداشلىق بىرەلەيمەن.

دوختۇر ئىچ ئاغرىتىش ھەم ئېچىنىش نەزرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

ـ نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

ـ 24ياش ،

ـ ھەي ئىست بالدۇرلا بايقىسىڭىزچۇ؟ئۆپكە راكىنىڭ ئاخرقى باسقۇچىغا بېرىپ قاپسىز،خىمىيىلىك داۋالاشمۇ كار قىلماسلىغى مۇمكىن،،،

ـ نىمە ،راس دەۋاتامسىز دوختۇر...........

ـ قىلچە خاتاسى يوق.

ئۇ ناھايىتى روھسىز ھالدا دوختۇرخانىدىن چىقتى،ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن بەكرەك دىلنۇردىن ئەنسىرەۋاتاتتى ،قانداق قىلىش كىرەك ،دوختۇر دىدىغۇ ئاخىرقى باسقۇچى دەپ بەلكىم ئانچە ئۇزۇن ياشىيالمىسلىقىم مۇمكىن،ئۇ بۇ شەھەردە يىگانە قالسا بولمايدۇ.كىتىشىمىز كىرەك چوقۇم يۇتقا كىتىشىمىز كىرەك.دىلنۇرنى چوقۇم ئاتا ئانىسى كەچۈرىدۇ ،چۈنكى ئاتائانا باغرى پەرزەت ئۇچۇن دەريادەك كەڭ.ئالدى بىلەن دىلنۇرنى يولغا سالاي ئۇندىن كىيىن بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ مەن ماڭاي...........

ئۇشۇنداق مەسلەھەت بىلەن دۇكانغا كەلدى.

ـ دوختۇر نىمە دىدى؟

ـ ھېچگەپ يوق،زۇكامداپ قاپسەن ،دورا يىسەڭ ساقىيىپ كىتىسەن دەيدۇ.ھە ـ ،راس سىز يۇرتقا تىز بارمىسىڭىز بولمىغۇدەك ،چوڭ ئاپىڭىز بەك

ئېغىر كىسەلكەن بايا ئانامنى كۆرگۈم كېلىپ تېلىفۇن ئالغان ئويغىنىزدىكىلەر ئانامنى ئىزدەپ تېپىپتۇ، مەن ئۇچۇرنى بىلمەيمەن دەپتىكەن ئالاقىلاشسىلا دەپ قويغان بولسىلا چوڭ ئاپىسى بەك ئېغىر كېسەل ،بىز توي ئىشىغا قوشۇلدۇق تىز يېنىپ كېلىپ چوڭ ئاپىسىنىڭ يۈزىنى كۆرىۋالسۇن دەيدۇ،دېدى.

بۇ ھەم شۇم خەۋەر ھەم خوش خەۋەر ئىدى، ئۇ چوڭ ئاپىسىنى بەك ياخشى كۆرەتتى ،ئانىسى خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولغاچقا ئۇنى چوڭ ئاپىسى بېقىپ چوڭ قىلغان ئىدى.

ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا،ئۇنداقتا سىزچۇ ؟

ـ ھە مەنمۇ بۇ يەردىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپلا بارىمەن،مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ.

ـ لېكىن تازا مىجەزىڭىز بولمىسا؟بىللە كېتەيلىچۇ؟

ـ قاراڭ جېنىم،بۇ دۇكانغا نۇرغۇن دەسمى سالدۇق ،سودىسى ياخشى بولغاچقا ئۆتكۈزىۋالىدىغان ئادەم چوقۇم چىقىدۇ،ئۆتكۈزۈپ بىرىپ مېڭىپ بولغىچە بىرەر ئىش بولۇپ قالسا...............

بولدى چۈشەندىم ،بۇگۈنلا ماڭاي.

شۇنداق قىلىپ ئۇ يولغا چىقتى،مېڭىش ئالدىدا لازىم بولۇپ قالار دەپ ئۇلار پۇل يىغىپ ساقلىغان كارتىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

ـ ياق سىزدە قالسۇن مەن ئويگە بارسام پۇل كەتمەيدۇ.

يەنە بىرسى مەندە ئەمەسمۇ ؟قايسىمىزغا لازىم بولسا ئالالايمىز.

شۇنداق قىلىپ دىلنۇر يولغا چىقتى،ئۇ دۇكانغا كېلىپلا دۇكان ئىشىگىگە بۇ دۇكان ئۆتۈنۈپ بىرىلىدۇ دىگەن خەتنى چاپلاپ قويدى.

ئەتىسى سەھەردە ئورنىدىن تۇرمىغان ئىدى بىر خەنزۇدىن تېلىفۇن كەلدى،ئۇ دۇكاننى راس ئۆتۈنۈپ بىردىغان ياكى بەرمەيدىغىنىنى سورىدى.......

ئۇ ئاخىر پۈتۈشۈپ 2ئايلىق ئىجارىسىنى چىقىرىۋېتىپ ئىجارە پۇلىنى ۋەدۈكاندىكى ئۇسكىنىلەرنىڭ پۇلىنى ئۆز باھاسى بويىچە بىرىدىغان بولدى،چۈنكى دۇكاننىڭ ئورنى ياخشى ،سودىسىمۇ ئوبدان ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ يېڭى بولغاچقا ئۇمۇ گەپ قىلماي دىگىنىنى بىرىدىغان بولدى ،ئۇلار توختاملىشىپ بولغاندىن كىيىن پۇلنى ئېلىپلا دىلنۇرنىڭ كارتىسىغا سېلىۋېتىپ يىنىك بىر تىندى.دە ئۇدۇل بىكەتكە بېرىپ يۇرتىغا قاراپ يول ئالدى.

دىلنۇر ئۆيىگە كەلدى ،ئانىسى ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە ئېتىلىپ كىلىپ باغرىغا باستى ،دادىسىمۇ كۆز يېشى قىلدى.

ـ چوڭ ئاپامنىڭ ئەھۋالى قانداق.

ـ ياخشى.

ـ ياخشى بولۇپ قالدىما؟كىسەل دەپسىلەركەنغۇ؟

ـ كىم شۇنداق دەيدۇ ساققۇ؟

دىلنۇر ھەيران قالدى ،ئەزھەرنىڭ ئۆزىنى ئالدايدىغىنىغا ئىشەنمەي دىسىمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قالدى ،ئۇ مىنى نىمىشقا ئالداپ يولغا سېلىۋېتىدۇ؟ ئۇنىڭ مەقسىدى نىمىدۇ؟

دىلنۇرنىڭ ئاتا ئانىسىمۇ ئارتۇقچە گەپ سوز قىلمىدى ،يوقاپ كەتكەن قىزىنىڭ تېپىلغىنىدىن خوش بولۇپ ئۇنىڭ دىلىنى ئاغرىتمىدى.

يېرىم كىچە بولۇپ ئۇلار ئۇيقىغا كەتكەندەئەزھەرگە تېلىفۇن قىلدى.ئەزھەر

تېلفاۋندا ھەممە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا دىدى.دىلنۇر شۇ ھامان ھۇشىدىن كەتتى.سەھەردە ئانىسى كىرىپ چۆچۈپ كەتتى ئۇلار ئۇنى دوختۇرغا ئىلىپ باردى ،دوختۇرلار ئاستاخارەكتىرلىك بورەك يەكلەش،دەپ دىئاگۇنۇز قويدى ،ئۇ شۇنىڭ بىلەن بالىنىستا يېتىپ قالدى.كۇندە دىگۈدەك ئەزھەرگە ئۇچۇر يېزىپ كارتىدىكى پۇلنى ئىلىپ ياخشى داۋالىنىشنى ئېيتاتتى ئۇ ماقۇل بولاتتى ،لىكىن بىر پۇڭخىمۇ چىقىلمايتتى.

ئاريدىن بىر ئاي ئۆتۈپ ئۇنىڭغا بىر ئۇچۇر كەلدى،

كۆكرىكىم بەك ئاغرىپ كەتتى مەن دوختۇرخانىغا بارمىسام بولمىغىدەك.كارتىدىكى پۇلدىن ئازراق ئىشلىتىپ تۇراي.....

بولىدۇ ھەممىنى ئىلىپ ياخشى داۋالىنىڭ،ئۇ شۇنداق دەپ ئۇچۇر قايتۇردى.

شۇ ئۇچۇر كەلگەنچە ئۇنىڭغا قايتا ئۇچۇر كەلمىدى ،ئۇ ئۇچۇر يازسىمۇ جاۋابى كەلمىدى ،تېلفۇن ئالسىمۇ تېلىفۇنى ئۇلانمىدى،ئۇ بۇنى بىر شۇملۇقنىڭ بىشارىتى دەپ بىلدى ،ئۇ ئانچە مۇنچە ئورنىدىن تۇرالايتتى ئاپىسىغا دوختۇرلارغا شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ سىرتقا چىقىشقا ئەزھەرنى كۆرۈشكە يول قويمىدى،ئۇنىڭ كىسىلى ئىغىرلاپ كەتتى دوختۇرلار ئۇرۇمچىگە ئىلىپ چىقىپ قان تازىلىتىشنى ئېيتتى ،شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كىلىندى ،قان تازىلاپ ئەھۋالدا خىلى ياخشىلىنىش بولدى .

ئەزھەر .ئۇنىڭدىن كەلگەن ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ جاۋاپ يازالمايتتى .قوللىرى ھەركەتلىنەلمەيتتى ،دوختۇرخانىدا سۇنئى نەپەسلىنىپلا ياتاتتى ،ئۇنىڭ كۆزنىڭ مىدىرلىغىنىدىن ھاياتكەن دىمىسە باشقا تەرەپلىرىدىن بىلگىلى بولمايتتى بىچچارە ئانا بېشىدا يىغلاپ ئولتىراتتى.

دىلنۇر ئاخىرقى قېتىم تىلىفۇن قىلدى ،يەنىلا ئىلىنمىدى،ئۇ چوقۇم بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ دەپ ئويلىدى .دە خاتىرىسىنى ئېلىپ مۇنۇلارنى يازدى.

ـقەدىرلىك ئانا ،سۆيۈملۈك دادا مىنى كەچۈرۈڭلار !ئەزھەر بۇ دۇنيادىن كىتىپتۇ ئۇ مىنى بەك ساقلاپ كەتمىسۇن،مەن هامان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىمەن سىلەرنى ئارتۇقچە چىقىمدار قىلىشنىمۇ خالىمايمەن ئەزھەرنىمۇ ئارتۇقچە ساقلىتىشنى خالىمايمەن مەندىن رازى بولۇڭلار !

ئۇ يېزىپ بولۇپ خاتىرىنى ياستۇقىنىڭ قېتىغا ئاۋايلاپ تىقتى ،بالىكۇنغا چىقىپ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا ئۇزاققىچە قارىدى ئۇندىن كىيىن يىنىپ كىرىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئاپىسىغا قاراپ،

ـكەچۈر ئاپا ،مىنى كەچۈر،ئۇ تويىنىڭ قېتىدا ياتسا مەن يۇمشاق كارۋات ئۈستىدە ياتالمايمەن،دىدى ـ دە ،تارتما ئىچىدىكى ئاپىسى كۈندە بىر تال يەپ ئۇخلايدىغان بىر قاپ ئويقۇ دورىسىنى ئېلىپ ھەممىنى ئېغىزىغا توكۇپ ئۈستەل ئۈستىدىكى چاينى ئىچىۋەتتى....

ئەتىسى سەھەردە ئانىسى تۇرغاندا ئۇ بۇ ئالەم بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان ئىدى.ئانىنىڭ قىيا ـ چىيىياسى دوختۇرخانىنى بىر ئالدى...............

خاتىمە

شۇنداق ئۇ كەتتى ،ئۇ كەتكەندە ئەزھەر تېخى هايات ئىدى ،هازىر هاياتمۇ ئەمەسمۇ ،بۇ بىزگە نامەلۇم،ئىشقىلىپ بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھاببىتى تىراگىدىيە بىلەن ئاياغلاشتى ،دىلنار ئۆزىنىڭ هاياتى بەدىلىگە مۇھاببەت داستانى يازدى ئەگەر شۇ باغرى تاش ئاتا ـ ئانا جاھىللىق قىلمىغان بولسا

بۇ غۇنچە بەلكىم هاياتىنى بۇنچە تېز ئاخىرلاشتۇرمىغان بولار ئىدى.ئەپسۇس............مىڭ ئەپسۇس............

تامام

# مىس چۆگۈن ( ھىكايە )

ئىبراھىم مەمەتئەيسا ( ئارسلان )

ئەلكىن مۇنبىرىدىن ئارسلان يازمىسى

چوڭ تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدىم . مەڭىز سۆڭەكلىرى چىقىپ ، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ بىر بالا ماڭا غەمكىن بېقىپ تۇراتتى . بۈگۈن شەنبە . ئۇنىڭ بىلەن دىيىشكىنىم بويىچە ، چۈشتە قىلىدىغان سودىلىق ئۈچۈن كەملەپ قالغان 1500 يۈەننى نەدىن بولمىسۇن تاپمىسام بولمايتتى .

ـ ئاھ جېنىم ، پەقەت ئاشۇ ئۈچكىچىلىك بۇلاپكىسى بار 20 گرام زەنجىرنىلا ... مەن سىزنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەن ، سىز بولمىسىڭىز ئۆزەمنى خۇددى گۆردە ياشاۋاتقاندەك ھىس قىلىمەن ، پەقەت ....

ئۇنىڭ تاتلىق شىۋىرلاشلىرىدىن يۈرىگىم شۇررىدە ئىرىپ ، بەدىنىمگە ئاجايىپ بىر لەززەت تۇيغۇ تاراپ كەتتى . مەن بېشىمنى ئىتتىكلا ماقۇلغا لىڭشىتتىم .

بىر تۇرۇپ ئۆزەمنى چاڭقاپ ، لەۋلىرى چاك ـ چاك يېرىلغان ، ئۇسسۇزلۇق دەردىدە نىمجان بولۇپ ، دەريا قىرغىقىغا قاراپ ئۆمىلەپ كىتىۋاتقان بىر بىچارىگە ، بىر تۇرۇپ ئاچچىق شاكىراپنى زەمزەم چاغلاپ خاتا ئىچىپ قويغان ، قېيقىلىپ ـ يۆتىلىپ نەپەس ئالالمايۋاتقان بايقۇشقا ئوخشاتقۇم كەلدى .

ـ ئايدا ئالىدىغىنىڭ 2000 يۈەن مائاش . ئۇ بۇ پۇللارنى تۇتۇۋېلىپ قولۇڭغا تەگمىدىغىنى ئاران 1500 يۈەن .سەن بۇگۈن ئالماقچى بولغان ئاشۇ سېرىق نجىسنىڭ ھەر گىرىمىنى 350 يۈەندىن ھىساپلىساڭمۇ 7000 يۈەن دىگەن گەپ ، يەنە تېخى خەقنىڭ ئالدىغا بېرىپ سارغىيىشىڭ كىرەك .ئاپاڭنىڭ نەچچە يىرگە ياماق سېلىنغان قۇراق يوتقاننى يېپىنىپ ئىڭراپ ياتقىنىغا نەچچە كۈن بولدى ، ئۈنى ئاز دەپ ئۈچ ئۇكاڭنىڭ ئۇقۇشىمۇ سىنىڭ زىممەڭدە تۇرۇپتۇ . بىراق سەن...بېشىمنى ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە چايقىدىم . ئۇ يەنە خىيالىمغا كىرىۋالدى .

توۋا . ئۈنىڭ ئاپىسى ، قاچانلا بارسام كىلىڭ ، جان ئوغلۇم دەپ تۆرگە باشلايدىغان كىسەل چىراي خۇتۇن پال باقامدىكىن . توغرا ، چۇقۇم شۇنداق .

نىمىشكە دىسەڭ ، مىنىڭ بولغۇسى ئايالىم مىنىڭ قايسى كۈن ، قايسى سائەتتە ئايلىق ئالغىنىمنى دەرھاللا بىلىۋالاتتى .

ـ قاراڭ ، ئاۋۇ ھالقا نىمىدىگەن جۇلالىق ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىكەن ... بۇندىن كىيىن چۇقۇم سىزنى تەڭلىكتە قويمايمەن جېنىم ...، ئۇ ئاجايىپ بىر نازلىرى بىلەن يەنە كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالاتتى . تورۇپ ئۈنىڭدىن ئايرىلىپ كىتىشنى ئويلىشىپ كىتەتتىم . يا مەن كاتتا تىجارەتچى بولمىسام ، قولۇمدا ئۈنىڭ ئىھتىياجىدىن پۇل ـ پۇچەك ، ۋەج ـ بىساتىم نەدە تۇرۇپتۇ؟ مەن ناھايىتى شۇ ئايلىق ئالىدىغان ئاددىلا بىر ئىشچىغۇ . بىراق مەندىكى ئىختىيار خەقنىڭ ئىلكىدىكىدەك ، ئۈنىڭ خۇمالىق بېقىشىدىن بايىقى ئويلىرىم يەنە توزغاقتەك ئاللىياقلارغا ئۇچۇپ كىتەتتى .

كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەۋلىيا ـ غوجىلاردىن ئۇدۇم ئېلىۋالغان بەزى

ئادەملەرنىڭ ئاجايىپ سىھىرلىك بىر مىس چۆگىنى بۇلارمىش . ئۇ كىمنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ ئايەت ئوقۇسا ، چۆگۈن داق يەردىمۇ قورۇق پېتى قايناپ كېتەرمىش . زىكرى قىلىنغۇچى ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەي ، مەڭگۇ ئۇنىڭغا باقىۋەندە بولۇپ قالارمىش .

مەن بەزىدە ئۇنىڭدىن رەنجىگەن ۋاقىتلىرىمدا قانچە قىلسامىمۇ ، ئۇنىڭدىن ئۆزەمنى تارتالمايدىغانلىقىمنى هىس قىلغىنىمدا ، ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئەنە شۇنداق مۆجىزىلىك بىر مىس چۆگىنىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىختىيارسىز ئىشىنىپ قالاتتىم .

ئالىلىقانداق بىر ئاچچىق تۇيغۇ يۈرىگىمنى تاتىلاشقا باشلىدى . بېشىمنى كۆچسىز چايقىدىم . «مەن سىزنى شۇنداق سىغىندىم ، ئادەمنى بىتاقەت قىلىپ ، نېمىشقا كەلمەيسىز » . قۇلىقىمغا يەنە يۈرەكنى بىھوش قىلغۇچى يېپەكتەك يۇمشاق ، تاغدەك ۋەزىنلىك ھېلىقى غالىپ سۆز ئاڭلانغاندەك بولدى . مەن مانا هازىرلا دەپ پىچىرلىغىنىمچە ، تۈنۈش ـ بىلىشلىرىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈردۈم .

بۇ ھېكايە «تارىم» ژورنىلىنىڭ 1995 ـ يىلى 5 ـ سانىغا بېسىلغان

چېقىر تاش

ئارقۇ

ئەلكىن مۇنبىرىدىن ئارقۇ يازمىسى

قۇياش تاغلاردىن ئەمدىلا بويىنىنى چىقارغانئىدى. نىمىشقىكىن ھاۋا شۇنچە تىنجىق ئىدى. تاغ ئارىسىدىكى كىچىككىنە بازاردىكى بۇ بىردىنبىر رېمونتخانىدا ئىشچىلار قىزىق ئىشلەۋاتاتتى. ئازاد ماركىلىق بىر يۈك ماشىنىسى ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر ماشىنىنى سۆرەپ رېمونتخانا ئىچىگە كىردى، شوپۇرلار ماشىنىلىرىدىن چۈشۈپ ماشىنىلارنى ئايرىشتى. ساق ماشىنا چىقىپ كەتتى. بۇزۇلغان ماشىنا شوپۇرى ئابلىمىت ئاپتوموبىلىنى ياققىدە بىرنى ئۇرۇپ قويۇپ ئىشخانىغا كىردى.

ـ ھە، ماشىنىڭىزنىڭ قەيىرى بۇزۇلدى؟ ـ سورىدى ئوتتۇرا ياش ئادەم سالامدىن كېيىنلا.

ـ پولىس ئۈزۈلۈپ كەتتى.

ـ ئۆزىڭىزدە زاپىسى بارمۇ؟

ـ يوق.

ـ ھە، مەن ئادەم ئورۇنلاشتۇراي، سىز بۇ كارۋاتتا ئۇخلىغاچ تۇرۇڭ.

ـ ۋەزىپىنى ئادا قىلمىساق بولمايدۇ، چاققانراق رېمونت قىلىپ بەرسەڭلا، ـ دېدى ئابلىمىت بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ.

ـ ھە بولىدۇ، تاماكىڭىزدىن بىر تال بېرىڭە، ئىككى سورىۋېتەي، خاتىرجەم بولۇڭ، كۆپ كەتسە ئىككى سائەتتە رولغا ئۆلتۈرسىز.

ئابلىمىت ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا بېرىپ تۇتاشتۇرۇپ بەردى. ئۇ ئۇستەللىرىنىڭ تارتمىلىرىغا قولۇپ سالغاندىن كېيىن، پاشىنىسى ئۇپىراپ كەتكەن ئايىقىنى سۆرەپ ئىشخانىدىن چىقتى ـ دە، نېرىدا ماشىنا رىمونىت قىلىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ؛

ـ گۈزەل بوياقا چۈش، ـ دەپ توۋلىدى.

ماشىنا ئۈستىدە بىر گايكىنى بوشىتىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان، قارىماققا ئوغۇل بالىدەك كۆرۈنىدىغان قىز لىككىدە سەكرەپ چۈشتى.

ـ نېمە ئىش؟

ـ ئاۋۇ ماشىنىنى كۆردۈڭمۇ، ـ ئۇ قولى بىلەن ئابلىمىتنىڭ ماشىنىسىنى كۆرسەتتى، ـ پولىسى ئۆزۈلۈپتۇ، ئېلىۋېتىپ يېڭىسىغا ئالماشتۇرۇپ بەر، چاققان بول!

ـ خوپ! ـ قىز ھەربىيلەرگە ئوخشاش پۇتىنى يەرگە تاققىدە ئۇردى.

ـ چوڭ بولغانسېرى غەلىتە بىر قىز بولۇپ كېتىۋاسەن، ماڭا شاتۇر، چاققان بېرىپ ئىشىڭنى قىل.

قىز ئىچ يانچۇقىدىن قارا كۆز ئەينىكىنى ئېلىپ تاقىدى، بېشىدا شەپكە بارئىدى. ئۇ سايمانلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاپتاپتا تۇرغان ماشىنىنىڭ يېنىغا باردى. مۇشۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ قىز ـ ئوغۇللۇقىنى ئايرىماق تەس ئىدى. ئابلىمىت ماشىنا يېنىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئابلىمىتقا قاراپمۇ قويماستىن، پولىس چېقىلغان تەرەپنىڭ گايكىلىرىنى بوشۇتۇشقا باشلىدى. ئابلىمىت تاماكا چەككەچ رىمونتچىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا قاراپ تۇراتتى.

ئۇ رىمونتچىنىڭ بەزى گايكىلارنى بوشۇتۇشقا كۆچى يەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يارادەملەشمەكچىمۇ بولدى ـ يۇ، بىراق، قېنى قانداق قىلىدۇ، دېگەن بىر قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇردى. رىمىنۇتچى بوشىمىغان گايكىلارغا كۆلۈچنى مەھكەم ئورۇنلاشتۇردى ـ دە، ئاندىن كۆلۈچنىڭ سېپىغا نو تۆمۈرنى سېلىپ ئۇستىگە چىقىپ بىرلا سەكرەپلا بوشىتىۋەتتى. ئۇ شۇ يوسۇندا ھەممە گايكىلارنى بوشۇتۇپ ئالدى. ئاندىن ئاستا ئۇرۇپ ئوقنىڭ چاق بىلەن گايكا، بولتا ئارقىلىق چېتىلغان ئۇچىنى ئېلىۋەتتى. ئوق ئىچىدىن سۇنغانئىدى. ئوقنىڭ سۇنۇقىن ئېلىش ئۇچۇن قارشى تەرەپتىكى ئوقنىمۇ ئېلىشقا توغرا كىلەتتى، بولمىسا سۇنۇق ئوقنى ئالغىلى بولمايتى. رىمىنۇتچى قارشى تەرەپتىكى ئوقنىمۇ شۇ يوسۇندا ئالدى، ئوق ئېغىر بولغاچقا ئۇ ئوقنى ناھايىتى تەستە ئالدى، ئاندىن ئۇزۇن بىر لووم تومۇرنى تىقىپ سۇنۇق ئوقنى ئىتتىرىپ چىقاردى، كەينىدىن ئوقنى يەنە جايىغا سېلىپ گايكىلىرنى چىڭىتتى، بۇ جەرياندا ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى قاپلاپ چىرايىنى يامغۇردا قالغان ئالمىغىلا ئوخشىتىپ قويدى. ئۇ ساق ئوقتىن بىرنى ئامباردىن ئامبارچى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ كىلىپ جايىغا سالدى،ئاندىن گايكىلىرنى چىڭىتىۋەتكەندىن كىيىن كابىنكا ئىشىكىنى ئاچتى. ئابلىمىت رىمونتچىنىڭ نىمە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقالماي قاراپ تۇراتتى. رىمونىتچى ماتۇرنى ھەركەتكە كەلتۈرۈپ ماشىنىنى تىزلا قوزغاپ رىمونتخانا ئىچىنى بىر ئايلاندۇرۇپ ئابلىمىتنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ زەرپ بىلەن تورمۇزلاپ توختاتتى.

ـ ماشىنىڭىز پۈتتى، ـ دېدى ئۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ـ ھېسابلىشىپ قايتسىڭىز بولىدۇ، ـ رىمونىتچى ماشىنىدىن

سەكرەپلا چۈشتى.

ئابلىمىت رىمونتچىنىڭ قىلىقلىرىغا ھەۋەسلىنىپ تۇراتتى، رىمونتچى يېڭى بىلەن يۈزىدىكى تەرنى سۈرتمەكتە ئىدى، ئاقتان تەر، سۈركەلگەن ماي ئۇنىڭ چىرايىنى كۆلكىلىك بىر تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. ئابلىمىت رىمونتچىنىڭ ئاۋازىدىن باشقىچە بىر مەنىنى ھىس قىلىپ سورىدى:

ـ سىز قىزمۇ؟

ـ قانداق؟ ـ دېدى رىمونتچى كۆز ئەينىكىنى ئېلىپ تۇرۇپ، ـ مومايمىكىن دەپ قالغانمىدىڭىز، ـ ئۇ كۆزئەينىكىنى تاقىدى ـ دە، سايمانلىرىنى ئېلىپ ئىشخانا تەرەپكە كەتتى.

ئابلىمىت رىمونتچى قىزنىڭ چىرايلىق شەھلا كۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ تۇراتتى، قىز كېتىپ قالدى، ئابلىمىت قىزنىڭ جاۋابىدىن تېخىمۇ تەمتىرەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خىلىغىچە قاراپ تۇردى. ئۇ قىزنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆزىچە كۈلۈۋەتتى ـ دە، ھېساباتى قىلىش ئۈچۈن بوغالتىر ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ھېساباتىنى تۈگۈتىپ تالون كەستۈرۈپ چىققاندا چۈشلۈك تاماق ۋاختى بولۇپ قالغانئىدى. ئىشچىلار يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇۋشۋاتاتتى، ئابلىمىت كابىنكىغا كىرىپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بىردىنلا بۇ رىمونتچى قىز بىلەن تونۇشۇپ قويغۇسى،ئۇنىڭغا رەخمەت ئېيتقۇسى كەلدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈشكە تەمشەلدىيۇ، قىز يەنە بايىقىدەك گەپ قىلسا ئوسال بولماي، دەپ جايىدا ئولتۇردى. رىمنوتچى قىزنىڭ ئوغۇل بالىغا خاس سۆز ۋە ھەركىتى ئۇنى مەھلىيا قىلىۋالدى. ئۇ، كىتىش ياكى قىز بىلەن تونۇشۇپ قويۇش

ئوتتۇرىسىدا دىلغول بولۇپ تۇرغاندا قىز يۈيۈنۈش ئۈچۈن لۆڭگە، سوپۇن ئېلىپ چىقىپ قالدى، قىز ئۆزگە ئۆدۇل كەلگەندە ئابلىمىت ماشىنىدىن چۈشتى.

ـ ماشىنا ئوت ئالمايۋاتىدۇ نېمە قىلىپ قويدىڭىز؟ـ دېدى ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا بىر قەدەم ئېلىپ.

ـ ئۆزى بۇزۇق چىغى، مەن ئۇنى بىرنېمە قىلمۇەتمىدىم،ـ دېدى قىز،ـ مەن بىر ئوت ئالدۇرۇپ كۆرەي،ـ قىز سەكرەپلا كابىنكىغا چىقتى، ۋە ئاچقۇچنى بۇراپلا گۈررىدە ئوت ئالدۇرۇۋەتتى. قىز ماشىنىدىن چۈشۈۋېتىپ،ـ ئۇستىكىز ئوت ئالدۇرۇشنى تازا ياخشى ئۆگەتمەپتىكەن، تازىمۇ ئۇششۇقكەنسىز،ـ دېدى.

ـ تولا مازاق قىلماڭ،ـ دېدى ئابلىمىت سەل قىزىرىپ،ـ سىزگە رەخمەت ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

ـ ئۇنتۇلۇپ قالغان رەخمەتنى ئېيتىپ نېمە قىلاتتىڭىز،ـ دېدى قىز ماي سۈركۈلۈپ كەتكەن چىراينى ئۆزگەرتمەي،ـ ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇرۇق رەخمەتنىڭ نېمە كېرىكى.

ـ ئۇنداق بولسا سىزنى مېھمان قىلاي.

ـ ماۋۇ سۆزىڭىز بولىدۇ،مەن كىيىم ئالماشتۇرۇپ چىقاي، كۈتۈپ تۇرۇڭ،ـ قىز يۈيۈنۈش ئۆيى تەرەپكە مېڭەتتى.

ئابلىمىت كۆزگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇنىڭ ئالدىغا پەرىدەك بىر گۈززەل قىز كىلىۋاتاتتى. قىز تولغان پاقالچاقلىرىغا ئەترەڭ پايپاق تارتقان، ئۇستىگە ئويما ياقىلىق، بەل پۈرمە، كەڭ ئېتەكلىك قىزىل كۆينەك كىيىپ چىققانىدى. ئۇنىڭ ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. قىز ماشىنىغا چەبدەسلىك بىلەن چىقتى ۋە

ئابلىمىتقا قاراپ:

ــ قېنى ھەيدەڭ!ــ دېدى. ئىككى جوپ كۆز بىربىرىگە قادىلىپ قالدى. بۇ تىكىلىش ئۈشتۈمتۈت بولغاچقا ئابلىمىتنىڭ يۈرىكى پىژ قىلىپ قالدى. قىز تۈنجى بولۇپ يىگىتنىڭ كۆزىدىن چاچراۋاتقان ئۇچقۇننى كۆردى ۋە ئاشۇ ئۇچقۇننىڭ يۈرىكىگە چۈشكىنىنى سەزدى.

ئابلىمىت قىزنىڭ ئوچۇق ــ يورۇقلىقىغا، گەپ ــ سۆزلىرىگە ھەيران ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ گۈزەل قىزغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالالمىدى. ئۇ قىزنىڭ قاپقارا قويۇق ئەگىم قېشىغا، قويۇق، قايرىما كىرپىكلىرىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلدى. قىز نەزىرىنى يەردىن ئېلىپ يىگىتكە ئىئاغدۇرغاندا ئابلىمىت كۆزىنى باشقا ياققا ئېلىپ قاچتى. يىگىت بەرجەس ئەرلەردىن ئىدى. كۈچ ــ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. مۈرىلىرى كەڭ، ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈز گۈزەلىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتتى.

ــ بۇندىن كېيىن يەنە كۆرۈشۈپ تۇرايلى، تونۇشۇپ قالدۇق،ــ دېدى ئابلىمىت ئۇلار ئاشخانىدىن چىقىپ ماشىنا يېنىغا كەلگەندە.

ــ بۇ سۆزىڭىز بولىدۇ، كۆرۈشۈپ تۇرغاننىڭ زىيىنى يوق، بىراق پايدا مەنپەت ياكى باشقا مەخسەت ئۈچۈن بۇ گەپنى دەۋاتقان بوسىڭىز كېيىن پۇشايمان قىلىپ قاللمىسىز...

ئابلىمىتنىڭ قىز بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشقىسى بارئىدى. بىراق قىز كېتىپ قالدى. ئۇ قىزنى بۆلەكچىلا بىر تۇيغۇ بىلەن ياخشى كۆرۈپ قالغانئىدى. مۇشۇنداق قىز بىلەن بىللە بولساڭ كۆڭلىرىڭ شېرىن ئۆتىدىكەن،دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. ئۇ تا ھازىرغىچە مىجەزى بۇنداق غەلىتە، كەسكىن، نەخ گەپنى قىلىدىغان، ئوچۇق مىجەزلىك قىزنى كۆرۈپ باقمىغانئىدى. ئۇ بۇ گۈزەل

قىزغا راستىنلا ئاشىق بولۇپ قالغانئىدى.

*　　　　　　*

ئابلىمىت ھەر قېتىم كۆمۈرگە چىققاندا گۈزەل بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردى. بىر قېتىم ئۇ گۈزەل بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىدىغان چاغدا گۈزەل:

ـ سىز بۇياققا ماڭىدىغان چاغدا قۇرۇقلا چىقىدىكەنسىز، بۇ قېتىم چىقىدىغان چاغدا بىر ماشىنا قوغۇن ئالغاچ چىقامسىز،ـ دېدى.

ئابلىمىت گۈزەلنىڭ مەخسىدىنى چۈشەنمىسىمۇ لېكىن ئۇ قىزنىڭ ھەرقانداق سۆزىگە جان دەپ ماقۇل دەيتى. شۇڭا دەرھاللا قوشۇلدى.

ـ ماقۇل ئۆگۈنلۈككە ئالغاچ چىقاي،ـ دېدى ئۇ.

ـ مانا بۇ تۆت مىڭكوي، مۇشۇنىڭغا لايىق ئالغاچ چىقىڭ،ـ گۈزەل سومكىسىدىن پۇل ئېلىپ ئابلىمىتقا ئۇزاتتى.

ـ ياق پۇل بەرمىسىڭىزمۇ ئالغاچ چىقىمەن،ـ دەپ ئالغىلى ئۇنىمىدى ئابلىمىت.

ـ ئۇنداقتا بولمايدۇ، مەن بۇنداق تەڭسىز دوستلۇقنى مەن خالىمايمەن،ـ دېدى قىز قەتئىي قىياپەتتە،ـ ئەگەر ئالغىلى ئۇنىمىسىڭىز مەن باشقا شوپۇر تاپاي.

ـ بوپتۇ، سىز ئاجايىپكەنسىز، ئەكىلىڭ.

ـ ئاجايىپ دېگەن قانداق بولىدۇ،ـ دېدى گۈزەل كۈلگەچ.

ـ راستىنى دېسەم بۈنى دەپ بىرەلمىگۈدەكمەن.

ـ ئوغۇل بالا دېگەن بۇنداق گەپنى دېمەيدىغان.

ئىككەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئابلىمىت ئۆگۈنى ماشىنىسىنى پاكىز يۇدۇردى، ئاندىن سەھرادىكى

تۇققانلارنىڭ ئۆيىگە چىقىپ ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىپتىزلىقتىنلا بىر نەچچە دېھقاننىڭ قوغۇننى بېسىپ ماشىنىسىنى توشقۇزدى، ئاندىن خاڭغا قاراپ يولغا چىقتى، گۈزەل كۆمۈركان جايلاشقان كىچىككىنە بازاردا تۇراتتى، شەھەر بىلەن ئارلىقى 200كىلومېتىرچە كېلەتتى، شۇڭا بۇ يەردە قوغۇن-تاۋۇز ئوبدان پۇل بولاتتى، ياز كۈنلىرى تاغدا كۈندۈزى شۇنداق تىنجىق ئىسسىق بولاتتى، شامال چىقمىغان كۈنلىرى بۇ يەر قازاندەكلە ئويمان بولغاچقا تىنىشمۇ تەستەك بىلىنەتتى، كېچىلىرى ھاۋا شۇنداق سۆرۈن بولۇپ ئادەمگە بەك ياقاتتى. كىچىككىنە كان بازىرىدا ھەممە نەرسە باشقا يۇرتتىن توشۇپ كېلىنەتتى، شۇڭا بۇ يەردىكى باھا باشقا يەرگە قارىغاندا سەل ئۆرى بولۇپ پۇل تاپقىلى بولاتتى. ئابلىمىت تاغ يولىدا كەلمەكتە ئىدى، ئۇ گۈزەل خىياللارغا بەنت بولۇپ ئۆزىچە كۈلۈپ قوياتتى. گۈزەلگە ئىرىشىش ئارزۇسى بارغانچە كۈچىيىپ كىتىۋاتاتتى. كۈلرەڭ، قىزىل كۆرۈنۈۋاتقان كۆيۈك تاغلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تاغلاردا نە بىر تۈپ دەرەخ ياكى يېشىللىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. يانتاق بىلەن چۆل سىكىچىلا شامالدا ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. ئابلىمىت بازارغا كىلىش يولىدا رېمىنۇتخانا ئالدىدا توختاپ گۈزەلنى چاقىردى. گۈزەل ماشىنىدىكى قوغۇنلارنى كۆرۈپ ئابلىمىتقا ئۆزۈرخالىق ئېيتتى.

-سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم-ھە.

-نەدىكىنى،سىز نىمىلا دېسىڭىز مەن ئۇچۇن بۇيرۇق.

قىز ئابلىمىتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

-مەن سىزنىڭ باشلىقىڭىز بولۇپ قالدىممۇ نىمە، ئەمىسە ماشىنىنى مەن

ھەيدەي، بازارغا بارايلى.

گۈزەل ماشىنا رولىغا ئولتۇردى، ئۇ ماشىنىنى ئەپچىللىك بىلەن باشقۇرۇپ بىر قوغۇنچىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ توختاتتى.

ـ قانداق ئەھۋالىڭىز روزاخۇنكا، قوغۇنىڭىز تۈگەپلا قاپتىغۇ،ـ دېدى گۈزەل ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن،ـ بىر ماشىنا قوغۇن ئالغاچ كەلدىم ئالامسىز؟

ئاڭغىچە ماشىنا ئەتراپىغا بىر نەچچە ھۆپىگەر ئولىشىپ ماشىنا چاقىغا دەسسەپ قوغۇننى كۆرۈشكە باشلىدى. روزاخۇن خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ سايىۋەن ئاستىدىن چىقتى.

ـ نىمانداق بەلەن گەپ قىلىدىغانسەن گۈزەل، شەھەردىن قوغۇن چىقماي بۈگۈن تىجارىتىم توختاپ قالغىلى تاس قالغان،ـ ئۇ ماشىنىغا تەستە چىقىپ قوغۇنلارنى كۆردى ئاندىن پەسكە چۈشتى،ـ قانچە پۇل بىرىمەن.

چوڭ بىر ماشىنا قوغۇن مىڭدىن كەم چىقمايتى. سودىگەرلەر مەن ئالىمەن دەپ گۈزەلنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ تالاشقىلى تۇردى.

ـ مەن روزاخۇنكامغا ئەكەلدىم، ئۇ شىپەتلىكتىن ئۆتسە ئاندىن باشقىلارغا ساتىمەن،ـ گۈزەل روزاخۇنغا قاردى.

ـ شەھەردىمۇ 5~6كويدىن كەم ئالغىلى بولمايدۇ بۇ قوغۇننى، دەرجىگە ئايرىسا ئالدىنى 20كويغا ساتقىلى بولىدۇ،ـ دېدى گۈزەل.

ـ مەن دانىسىغا ئالتە كويدىن بىرەي،ـ دەپ پۇل ئۇزاتتى بىرى.

ـ مانا مەن يەتتە كوي بىرىمەن،

ـ مەن سەككىز كوي بىرەي، ئاتايەن مىنى دەپ ئەكەپسەن،بولامدۇ؟ـ روزاخۇن گۈزەلگە مىڭكوي تۇتقازدى.

ـ بولدى، مەن روزاخۇنكامغا بەردىم، ئالغۇڭلا بارلا روزاخۇنكامدىن ئېلىڭلا، ـ گۈزەل گەپنى ئۈزۈۋەتتى. قوغۇنچىلار قوغۇننى قول ـ قول يەرگە چۈشۈرۈپ تىزدى، گۈزەل قوغۇننى ساناش بىلەن ئىدى. بىر سائەتتىن سەل ئارتۇق ۋاقىتتا قوغۇن سانىلىپ چۈشۈرۈلۈپ بولدى، گۈزەل پۇلنى ئېلىپ ماشىنىغا چىققاندا ئابلىمىت ئۇخلاپ قالغانئىدى، گۈزەل ئۇنى ئويغىتىۋەتمەي ماشىنى ھەيدەپ ماڭدى. ئۇ ماشىنىنى بىر ئاشخان ئالدىدا توختىتىپ ئابلىمىتنىڭ چىرايىغا يېقىندىن ئوبدان قارىدى. قارىغانسىرى يۈرەكلىرىنىڭ بىر يەرلىرى كۆيگەندەك بولدى. ئۇ دەررۇلا باشقا تەرەپكە قارىۋالدى، ئىشىكنى ئېچىپ ئابلىمىتنى تارتىپ ئويغاتتى.

ـ ئويغىنىڭ، چۈشكە، تاماق يەيمىز.

ئابلىمىت بىرنى كىرىلىپ ئەسنىۋېتىپ ماشىنىدىن چۈشتى. ئىككەيلەن ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندا گۈزەل يېنىدىكى پۇلدىن ئايرىپ ئابلىمىتنىڭ ئالدىدا قويدى.

ـ ماۋۇ پۇلنى سىز سېلىپ قويۇڭ، ـ ئۇ ئابلىمىتنىڭ ئالدىغا 2000كوينى قويغانئىدى.

ـ ياق، ئالمايمەن. قۇرۇق چىقساممۇ يەنىلا شۇ ماي كۆيەتتى، ـ ئابلىمىت پۇلنى گۈزەلنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

ـ ئالمىسىڭىز بولمايدۇ، ـ جىددىي تۇردە دېدى گۈزەل، ـ بۇ سىزنىڭ ئەجرىڭىزنىڭ بەدىلى، ـ قوغۇننى سىز ئەكەلدىڭىز، ماشىنا سىزنىڭ مەن پەقەت مالنى سۇ قىلىپلا بەردىم، پايدىنى تەڭ ئالدۇق. مەنپەئەت ئادىل بولمىسا چاتاق چىقىدۇ.

ئابلىمىت گۈزەلگە يەنە بىر قېتىم قول قويدى. ئىچىدە، ناۋادا ئۇنىڭ

بىلەن توي قىلىپ قالسام تۇرمۇشۇم تېخىمۇ ياخشى ئۆتكىدەك، دەپ ئويلاپ قالدى.

قىز ئابلىمىتنى يەنە يامان يەردىن تۇتقانئىدى، شۇڭا پۇلنى ئالماي بولمىدى.

ـ يەنە قوغۇن ئالغاچ چىقامدىم، ـ ئابلىمىت مەمنۇنىيەت بىلەن گۈزەلنى كۆزىگە تىكىلدى.

ـ هازىر بىر ماشىنا قوغۇن چۈشۈرۈلدى، ئەتە، ئۆگۈن يەنە قوغۇن كېلىدۇ، ئەتە ئەكەلسىڭىز ساتالماي قالىمىز، مەن ۋاقىتنى ئېگىلەپ سىزگە خەۋەر بېرىمەن شۇ چاغدا ئالغاچ چىقارسىز.

ئابلىمىت قىزغا تەشنالىق بىلەن باقاتتى، قىز يىگىتنىڭ كۆزىدىن چاقناۋاتقان مۇهەببەت ئوتىنى تۇيغان بولسىمۇ ئىپادە بىلدۈرمىدى. يىگىت بولسا قىز يۈرىكىمنى چۈشەنگەندۇ دەپ ئويلايتى. ئابلىمىت قىزنىڭ ئۆزىنى يارىتىشىنى زور ئۈمىدلەر بىلەن كۈتەتتى.

ـ ئەتە يەنە چىقامسىز؟ ـ سورىدى گۈزەل لەغمەننى ئىشتىها بىلەن يىگەچ.

ـ هەئە، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

ـ ئەتە شەنبە، شەهەرگە كىرىپ چىقاي دىگەنتىم، ئەتە كۆمۈرنى ئېلىپ قايتاشىڭىزدا مېنى ئېلىپ مېڭىڭ، ماقۇلمۇ؟ ـ ئۇ ئابلىمىتنىڭ كۆزىگە خۇمارلىق قارىدى.

ـ ماقۇل جان بىلەن.

ـ خەير، ئىش ۋاختى توشۇپ قاپتۇ، مەن ماڭاي ئەمىسە، سىز ئالدىرماي يەپ ئاندىن مېڭىڭ. خوش.

گۈزەل كەتتى. ئابلىمىتنىڭ يۈرىكىمۇ بىللە كەتكەندەك بولدى. شۇنداق

بولسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىرخىل خۇشاللىق مەۋج ئۇراتتى. ئۇ قىزنىڭ قاراشلىرىدىن ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆزىگە ماقۇل دەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى كۈندىن-كۈنگە قويۇقلىشىپ بېرىۋاتاتتى. ئەگەر مۇشۇ تېزلىك بىلەن يېقىنلىشىدىغان بولسا بىربىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ھالەتكە يېتەتتى.

ئابلىمىت رولغا ئولتۇرۇپ يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغان رەڭسىز تاقىر تاققا قاراپ ماشىنىسىنى قوزغىدى. تۆت ئەتىراپ زەڭگەر تاغلار بىلەن ئورالغان، غەرب تەرەپتىكى تاغلار ئىگىز بولۇپ تومۇز كۈنلىرىمۇ يىراقتىن تاغ ئۈستىدىكى ئاپئاق قارلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئەتىراپتىكى تاغلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈك تاغلار بولۇپ گىياھ ئۈنمەيتى. يوللار، تاغلار ئارقىدا قالماقتا. كاندىن چىققاندىن كىيىن يوللار باشقىچە بولۇپ ياپيېشىل ئوت-چۆپلەر قاپلىغان، ماكاپ، تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن جايلارغا كىلىپ قالاتتى. يوللارنىڭ كۆپ قىسمى ئەشۇنداق يېشىللىق، تاغ تېرىكى، ئاق تېرەك قاپلىغان يوللار ئىدى.

ئابلىمىت ئىدارىسىگە كىلىپ كۆمۈرنى توكۈۋېتىپ، ماشىنىسىنى توختىتىپ قويۇپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى-دە، ئاندىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ ئۆيىگە ماڭدى.

... ...

-ئابلىمىت!

خېلىلا كىلىشكەن زىلۋا بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. ئابلىمىتنىڭ چىرايى دەقىقە ئىچىدە سەت ئۆزگىرىپ ئەسلىگە قايتتى.

-بۈگۈن بەك خۇشالغۇسىز،بىرەر يېڭى يار تېپىۋالمىغانسىز؟

«بۇ نەستىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن،ـدەپ ئويلىدى ئابلىمىت كۆڭلى غەش هالدا،ـگۈزەل بۇنىڭدىن مىلڭ هەسسە ياخشى قىز، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام جەزمەن بەختلىك بولالايتىم. بىراق مەن نېمىشقا كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۇنىڭغا چېقىلىپ قويغاندىمەن، يا بۇ مايماقمۇ مىنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالماي جان غوجىكام دەپتۇ، بۇنداق ئىش بىرنەچچە قېتىم بولۇپ بويىدا قالدى. شەرمەندە بولغىلى تاس قالدىم، ئاران دېگەندە ئالدۇرۇۋېتىپ قۇتۇلدۇم. ئەمدى بۇ نېمە رودىپايدەك چاپلىشىۋالدى»

ـبۈگۈن مېنى نەدە ئوينىتىسىز؟ـنازلاندى قىز.

ـخاپا بولماڭ، گۈلپىيەم، بۈگۈن ئىشىم چىقىپ قالدى،ـدېدى ئۇ ئۇيالغىنىدىن باهانە ئىزدەپ.

ـنېمە ئىش؟

ـتاغام ئېغىر كېسەل، هەممىمىز ئۇنى يوقلاپ بارماقچىدۇق.

ـماقۇل ئەمىسە،ـدېدى قىز ئامالسىز،ـئەتە ئىشتىن چۈشۈدىغان چاغدا كۈتۈمەن.

ـئەگەر ۋاختىدا كەلەلمىسەم مېنى تاغىسىنىڭ يېنىدىن كەلەلمەپتۇ دەپ بىلىڭ.

قىز ئامالسىز قايتتى.

ئابلىمىت كېچىنى تەقەزالىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ سەهەردىلا ئىشقا كەلدى، ماشىنىسىنى بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن ماي لىقلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن دۈك ـدۈك سوقاتتى. ئۇ يولغا چىققاندا كەيپىياتى شۇنداق ياخشى بولۇپ كەتتى، ئۇ بىردەم ئۇنىئالغۇنى ئېچىۋېتىپ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ تۈۋلاپ قوياتتى.

يەنە بىردەمدىلا ئۇنىئالغۇنى ئۆچۈرۈپ ناخشا ئېيتىپ كىتەتتى.

ئۇ كانغا چىقىپ ماشىنىسىغا كۆمۈر قاچىلىدى. ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى. ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەپ ماشىنىسىغا چىقىپ ئۇخلىدى.

ـ ھەي، ئويغۇنىڭ!

ئابلىمىت چۆچۈپ ئويغاندى.

ـ ئەجەپ قورقاتتىڭىز، سىزمىدىڭىز،ـ ئابلىمىت ئورنىدىن تۇردى،ـ مۇشۇ يەردىمۇ ئۇخلىغان بارمۇ؟

ـ سىزنى ساقلاپ تۇرۇپ ئۇيقۇم كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇخلىدىم. شوپۇرلار نەدە ئۇيقۇ كەلسە شۇ يەردە ئۇخلايمىز ئەمەسمۇ.

ـ يۇرۇڭ ماڭايلى.

چوڭ يول ماشىنا ئۇچقاندەك چاپماقتا. ئۇنىئالغۇدىن يىقىمىلىق ناخشا ياڭرىماقتا. ئابلىمىت كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا گۈزەلگە قاراپ قويياتتى. ماشىنا سىلكىنگەندە گۈزەلنىڭ كۆكسى كۆڭلىكى ئۈستىدە ئىككى تەرەپتە ئىككى سىزىق سىزىپ يۇقۇرى ـ تۆۋەن مىدىرلاپ كىتەتتى. ئابلىمىتنىڭ بۇنداق چاغدا ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ ياناتتى.

ـ ماشىنىنى توختىتىڭ،ـ دېدى گۈزەل ئابلىمىتنىڭ روھى ھالىتىدىكى بىنورماللىقنى سىزىپ،ـ ئىشىڭىز چاتاق ئىشايدۇ، مەن ھەيدەي،ـ ئۇ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.

گۈزەل رولغا ئولتۇردى، ئابلىمىت بولسا گەپنى قاياقتىن باشلاشنى بىلەلمەي ئاۋارە ئىدى. شۇ تەقلىدتە بىردەم ماڭغاندىن كىيىن سورىدى:

ـ سىز ئىشلەۋاتقىلى قانچە يىل بولدى؟

ـ مەن تولۇقسىزنى تۈگۈتۈپلا شاگىرتلىققا كىرگەن، ھازىر ئالتە يىل

بولدى.

ـ بەك تېز ئۆگۈنۈپسىزغۇ؟

ـ ئالتە يىلنى قىسقا ۋاقىت دېگىلى بولامدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆڭۈل قويسا ئۆگەنگىلى بولمايدىغان ھېچ نېمە يوق.

ـ ئەگەر ئىككىمىز قوشۇلساق بەك ياخشى بولاتتىكەن، سىز ئۇستا رېمونتچى، مەن شوپۇر، شەخسىي ماشىنا سېتىۋالساقمۇ ياكى رېمونتخانا ئاچساقمۇ كۈنىمىز باياشات ئۆتىدىكەن.

قىز ئابلىمىتقا لەپپىدە بىر قاراپ قويىدى.

ـ قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، چاقچاق قىلمىغا. ـ ئۇنىڭ يۈرىكى ماقۇل دېيىشكە سوقۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئاسانلا ماقۇل دەۋەتكىسى كەلمىدى.

ئابلىمىتنىڭ يۈزى قىزىرىپ يۈرىكى سىيلىپ كەتتى.

ـ چاقچاق قىلمىدىم، يۈرىكىمدىكى سۆزنى دېدىم، ـ ئۇ دۇدۇقلاپراق شۇ گەپنى ئارانلا دېيەلىدى.

گۈزەلنىڭ كۆزى ئوىناپ كەتتى. يۈرىكى نامەلۇم خۇشلۇقتىن گۈپۈلدەپ سوقاتتى. يېنىدا ئولتۇرغان بۇ يىگىت ئۇنىڭغا ھېچقاناق يامان تەسىر بەرمىگەنئىدى. بىراق شۇنداق بولسىمۇ ئالدىراپ بىرىۋېتىشكە كۆڭۈل بولمايتى.

ـ مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي، تۇققانلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىمەن، قاچان كۆمۈرگە ماڭىسىز، ـ دېدى ئۇ ماشىنىنى توختىتىپ.

ـ دۈشەنبە كۈنى، ـ ئۇ سەل توختىۋالدى، ـ ئەتە چىقامسىز، بىللە ئايلىنايلى.

ـ كەچۈرۈڭ، چىقالمايمەن، تۇققانلىرىم بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بوپ

كەتتى. ئۇلار بىلەن ھال ـ مۇڭ بولمىسام بولمايدۇ.

ـ خوش، ـ دېدى ئابلىمىت دىلغۇل بولۇپ، ـ يولدا كەلگۈچە دېگەن گەپلەر يۈرىكىمدىكى گەپلەر، ئويلىنىپ باقسىڭىز، ـ ئۇ يەرگە قارىۋالدى، قىزنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى. ئۇ ئابلىمىتنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشىنى كۈتتى، ئابلىمىت بېشىنى كۆتۈرگەندە ماقۇل دېيىشىنى ئويلىغانئىدى. يىگىت بېشىنى كۆتۈردى. قىز يىگىتنىڭ كۆزىگە تويماستىن قاراپ بېشىنى ماقۇلغا لىشتىپ، ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە، كېتىپ قالدى.

ئابلىمىت ئۈچۈن ھەربىر مىنۇت ناھايىتى تەستە ئۆتەتتى. ئۇ گۈزەلنى كۆرۈشكە بەكمۇ ئالدىرايتى. ئۇ دۈشەنبە كۈننىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. مانا دۈشەنبە كۈنىمۇ كەلدى، ئابلىمىت بىلەن گۈزەل قەلبىنى چۈلغىۋالغان تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق تەسىرىدە سۆزمۇ قىلىشماي ئولتۇرۇشاتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ روھى ھالىتىدە بىرخىل ئېغىرلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

ـ تەلىپىمنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ـ ئاخىرى ئابلىمىت ئېغىز ئاچتى. گۈزەلنىڭ ماقۇل دېگۈسى، ئابلىمىتنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلغۇسى بارئىدى. يۈرىكىمۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلىشقا قىستايتى. بىراق ئۇ دەررۇلا جاۋاپ بەرمىدى.

ـ مەن تېخى تولۇق ئويلىنىپ بولالمىدىم، بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن جاۋاپ بىرەي، ـ دېدى قىز چوڭ بىرنى تىنىپ.

ـ مەن بەك تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

مەنمۇ بەك تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىمەن، گۈزەلنىڭ يۈرىكىمۇ شۇنداق دەۋاتاتتى.

*　　　　*

گۈزەل رېمونتخانىدا ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى، ئابلىمىت بىلەن كۆن ئارىلاپ دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇراتتى. بەزىدە ئابلىمىت ئۇنى ئىزدەپ كېلەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈزەل ئابلىمىتتىن بىر خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇ خېتىدە گۈزەلنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، گۈزەلگە مۇھەببەت ئىزهار قىلغانىدى. گۈزەل خەتنى ئوقۇپ بەكمۇ هاياجانلىنىپ كەتتى. كۆز ئالدىدا ئابلىمىت بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتقان كۆڭۈللۈك كۈنلىرى نامايان بولدى. ئۇ خەتنى باغرىغا باسقىنىچە تۇرغاندا تېخنىك ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

ـ گۈزەل نېمە ئويلاۋاتىسەن؟

گۈزەل بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ تېخنىكنىڭ سەل ياداڭغۇ يۈزىگە قارىدى. تېخنىك غەمكىن كۆرۈنەتتى. گۈزەلنىڭ چاقچاق قىلغۇسى كەلدى ـ دە:

ـ نېمە ئويلايتىم، بالا ئويلاۋاتىمەن، ـ دېدى.

ـ ئەرگە تەگمەي تۇرۇپ دېگەن گېپىنى، ـ دېدى تېخنىك، ئەمما ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى.

گۈزەلنىڭ سەزدىن تېخنىكنىڭ ئەرۋاهى ئۇچقانىدى. تېخنىك ئۈچ قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ بالا يۈزى كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئالغان خوتۇنلىرى باشقا ئەرگە تېگىپلا باللىق بولۇپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلار تېخنىكنى بالا تاپالماس دەپ مازاق قىلاتتى. شۇڭا بالىنىڭ گېپى چىقسىلا تېخنىك مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئۆزىگە ئېلىپ كېتەتتى.

ـ ئەرگە تەگمىگەن بولسام تىگەرمەن، ـ دېدى گۈزەل چاقچاق قىلىپ، ـ توي قىلامدۇق يا، توي قىلساق چوقۇم بالىلىق بولىمىز.

بەزى گەپلەر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كىتىپ تەقدىر بولۇپ قالىدۇ، كونىلار بۇنى ئاغزىدىن سائەت چىقتى دىيىشىدۇ. شۇڭا قالايمىقان سۆزلەشكە بولمايدۇ.

ـ قېلىنىمۇ قىزكەن بۇ، ـ تېخنىك قېيداپ كىتىپ قالدى.

ئەتىسى ئابلىمىت كۆمۈرگە چىققاچ گۈزەلنى يوقلاپ كەلدى.

ـ كۆزىڭىزدىن نىمە دىمەكچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ـ دېدى گۈزەل ئۇلار خالى يەرگە چىققاندا، ـ مىنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز، سىزگە رەخمەت. مەنمۇ كۆپ ئويلاندىم. ئادەم هامان توي قىلىدۇ. مەنمۇ چوقۇم ياخشى بىر هەمراھ تېپىشىم كىرەك. بىلىمىگەن، تونۇمىغان ئادەم بىلەن بىرگە ئۆتۈشنى خالىمايمەن. بىز ئارلاشقىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. سىزگە جاۋابىم، مەنمۇ سىزنى سۆيىمەن. ياخشى كۆرۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ. چىن دىلدىن سۆيۈش كىرەك، ـ گۈزەلمۇ بۇ سۆزنى دىگۈچە قىزىرىپ كەتتى.

ئابلىمىت گۈزەلدىن بۇنداق ئىنىق دادىل جاۋابنى كۈتمىگەنئىدى. شۇڭا ئۇ شۇ تاپتا دىيىشكە گەپ تاپالماي قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بەخت سىزىمىدىن تىترەيتى. لەرزىگە كىلەتتى. تىنى، قېنى قىزىيتى. لەۋلىرىمۇ تىترەيتى.

ـ مەن سىزنى جىنىم بىلەن سۆيىمەن، ـ دىيەلىدى ئۇ ئاران تەستە.

ـ مەن سىزگە دەپ قويای، ـ دېدى گۈزەل قەتئىيلىك بىلەن، ـ مەن باشقا قىزلاردەك ئەمەس خەخلەردىن يامانلىق كۆرسەم، ياكى سۆيگەن ئادىمىم

تاشلىۋەتسە كۆزۈمنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىپ ئولتۇرمايمەن، ئۆچ ئالىمەن. ئاندىن نېمە بولۇپ كەتسەم مەيلى. مېنى سۆيسىڭىز ھەقىقىي، چىن يۈرەكتىن، مەڭگۈلۈك سۆيۈڭ. مەنمۇ ھەم شۇنداق قىلىمەن. ئۆلگەندىلا ئايرىلايلى. ھايات ئايرىلىشنى خالىمايمەن ھەم مۇھەببىتىمىزنىڭ پاك بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ھېكايە، رومانلارنى كۆپرەك ئوقۇيمەن. شۇڭىمۇ مېنىڭ ئارزۇلىرىم بىر ئاز غايىۋى، ئادەمنىڭ ئارزۇسىنىڭ غايىۋى بولغىنىمۇ بىر ھېساپتا ياخشىكەن. ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدىكەن. مەنمۇ شۇنداق بولسىكەن دەيمەن،-گۈزەلنىڭ چىرايى ھاياجاندىن قىزىرىپ، ئېسىلىپ كەتكەنئىدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئابلىمىتنىڭ ئابايامقى ھاياجانلىرى قاياققىدۇر تارقاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانئىدى. ئۇ، ئەگەر مەن گۈزەل رازى بولغىدەك سۆيەلمىسەم نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر، دەپ ئويلاپ قالدى.

-دېگىنىڭىز ئورۇنلۇق، سىز دېگەندەك ياشاش كېرەك. ئاندىن ھاياتنىڭ مەنىسى بولىدۇ،-دېدى ئۇ تەستە.

-ئەمىسە گېپىمىز گەپ، مەلۇم ۋاقىت يۈرۈيمىز، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە توي قىلىمىز،-دېدى گۈزەل ئابلىمىتنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ.

-سىز نېمە دېسىڭىز شۇ.

ئابلىمىت قىزنىڭ نېپىز، سۈزۈك ۋە بويىغاندەك قىزىل لېۋىگە تىكىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاشۇ لەۋلەرنى قېنىپ-قېنىپ شورىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. بىراق گۈزەل ئۇنىڭ بۇنداق ھەركىتىگە جەزمەن قارشى چىقىدۇ. شۇڭا ئابلىمىتنىڭ سەۋر قىلماي ئامالى يوق.

* *

قار ـ مۆزلار ئېرىشكە باشلىدى. گەرچە تاغدا ئەتىياز كېيىنرەك باشلانسىمۇ، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بىلىنەرلىك ئىسسىدى. چېچەك ـ چوكانلار ئېچىلىپ، باھار يېتىپ كەلدى.

ئابلىمىت بىر قېتىم كۆمۈرگە چىقىپ تاغدا قونۇپ قالدى. گۈزەل بىلەن كىنو كۆرۈپ چىقىپ سەيلە قىلىشتى. ھاۋا شۇنچە پاكىز ۋە ئوچۇق ئىدى. ئابلىمىت گۈزەل بىلەن ئۆستەڭ بويلاپ كۆۋرۈككە چىقتى. كېچە تولىمۇ چىرايلىق، سىرلىق ئىدى. ئابلىمىت قىزنىڭ بىلىگە قولىنى ئۆتكۈزۈپ ئالدىغا تارتتى.

ـ ئۇيات، ـ دېدى گۈزەل ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ،

ـ ماڭا ئەمدى ئۇنچىلا قاتتىقلىق قىلماڭ، مەن شۇنچىلىك تەشنا بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ـ دېدى ئابلىمىت لېۋىنى ئاستا ئۈزۈتۈپ.

ـ «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دېگەن گەپ بار، ـ دېدى گۈزەل ناز بىلەن ساڭايان بېقىپ.

ـ سەۋرىڭگىمۇ چېكى باردۇر...

گۈزەل ئىختىيارسىز ئابلىمىتنىڭ مەيلىگە باقتى. ئۇ گۈزەلنى باغرىغا باستى. گۈزەلمۇ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ يىگىتىنىڭ سۆيۈشىنى كۈتتى. ئابلىمىت خۇددى يوقىتىپ قىزنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتى.

جانغا ئارام، راھەت بېغىش ئەتكەن تاغنىڭ غۇر-غۇر شامىلى ئەمدى ئۇلارنى مۇزلىتىشقا باشلىدى. گۇگۇم قارا پەردىسىنى بارغانچە كەڭرى يايماقتا، ئاسماندا كەينى-كەينىدىن يۇلتۇز پەيدا بولماقتا. سوغۇق ئۆتۈشكە باشلىغاندا ئۇلار ماشىنا ئىچىگە كىرىۋالدى. كېچە يېرىملاشماي تۇرۇپ ماشىنا ھارارىتىمۇ تۆۋەنلەپ توڭلىدى.ئابلىمىت سوغۇق تەسىرىدىن گۆزەلنى مەھكەم قۇچاقلىدى. مۇھەببەتنىڭ ھارارىتى ئۇلارغا ئۆتىدىغان سوغۇقنى ئانچە بىلىندۇرۇپ كەتمىدى. ئابلىمىت ھېسسىياتى پەيدىن پەي يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندا خۇدىنى يوقۇتۇپ خاراموش ئۇخلاۋاتقان گۆزەلنى سۆيۈپ كەتتى. قولى ھەركەتكە كىلىپ قىزنىڭ ئىنچىكە بەللىرىنى ھەدەپ سىيلايتى. قىزنىڭ كۆكسىگە قولىنى ئۇزاتتى.قىز ئويغىنىپ كەتتى.

-ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ،-دېدى گۆزەل ئۇنىڭدىن سەل يىراقلىشىپ

-ئۆزىڭىزنى نىمانچە قاچۇرۇسىز، ماقۇل دەڭە،- ئابلىمىت قىزنى تارتىپ قۇچاقلىماقچى بولدى.

-قولىڭىزنى تارتىڭ،-خاپا ھالدا بوش ۋاقىردى قىز،-يەنە ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالمايدىغان بولسىڭىز ئەمدى كاچات يەيسىز، سىزگە ئىككىنچى قارىمايمەن.

ئابلىمىتنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى.

گۆزەل يەرگە چۈشۈپ كىتىپ بىر تال تاشنى ئېلىپ چىقتى.

-قولىڭىز قىچىشىپ كەتكەن بولسا بۇنى ئويناپ ئولتۇرۇڭ،-ئۇ قولىدىكى تاشنى ئابلىمىتكە بەردى.

-نىمە بۇ؟

-قاراپ بېقىڭ.

ـ بىر چىقىر تاشكەنغۇ.

ـ مەن چىقىر تاش ھەققىدە بىر ھىكايە ئېيتىپ بېرەي ئاڭلامسىز؟

ـ ئېيتىڭ ئاڭلايمەن.

ـ بۇرۇنقى زاماندا ناھايىتى ئاۋات بىر يۇرت بار ئىكەن، ـ دەپ ھىكايىسىنى باشلىدى گۈزەل، ـ بۇ يۇتنىڭ تۆپىقى مۇنبەت، تاغلىرى ياپيېشىل ئىكەن. تاغلىرىدا ھەرخىل بايلىقلار كۆمۈلۈپ ياتىدىكەن. بۇ يۇرتنىڭ قى ـ چوكانلىرى پەرىشتىدەك، يىگىتلىرى بەقۇۋەت بەرنا ئىكەن. بۇ يۇرتنىڭ ياش پادىشاھى بولۇپ ئۇنىڭ كۆنلىرى ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا بىلەن ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ كۆزى چۈشكەنلىكى قىز ـ چوكانلار چوقۇم ئۇنىڭ ئاياق ـ ئاستى قىلىشىغا ئۇچۇرايدىكەن. ئۇ ھەر بىر قىز بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ بولۇپلا نەۋكەرلىرىگە ئويناشقا بىرىۋېتىدىكەن. بىر نەچچە يىلدا نۇرغۇن قىز ـ چوكانلار ئاياق ـ ئاستى قىلىنىپتۇ. ئاجىزلارنىڭ داد پەريادىدىن ئالللاھنىڭ غەزىپى تۇتۇپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بىرىپ قويۇش ئۇچۇن بىر پەرىشتە ـ ئەۋلىيانى ئەۋەتىپتۇ. ئەۋلىيا دىۋانىچە ياسىنىپ بېرىپ پادىشاھنىڭ بوسۇغىسىغا يىقىنمۇ كىلەلمەپتۇ. ئەۋلىيا ئاخىرى كاتتا بايلاردەك ياسىنىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ.

ـ نىمە ئىش بىلەن كىردىڭ؟ ـ دەپ سوراپتۇ گۆھەر تاج كەيگەن پادىشاھ.

ـ مىنىڭ ساڭا ئىككى ئېغىز مەسلىھەتىم بار، ـ دەپتۇ ئەۋلىيا.

ـ ماڭا نەسىھەت قىلغۇدەك قانچىلىك ئادەمتىڭ سەن؟! ـ دەرغەزەپ بولغان پادىشاھ جاللاتنى چاقىرىپتۇ. ئەۋلىيا قولىدىكى ھاسىنى بىرلا شىلتىپ جاللاتلارنى قاتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ـ يەنە بىر قېتىم ئېيتاي، بۇنداق زالىملىقتىن قايت، مەزلۇملارنىڭ

كۆز يېشى سېنى يەپ كىتىدۇ.

ـ جاللات! ـ پادىشاھ يەنە جاللات چاقىرىپتۇ.

ئەۋلىيانىڭ ئاچچىقى كىلىپ پادىشاھنى بىر چېقىر تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ چېقىر تاش ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇندىن كىيىن جاھاندا ھەرخىل چېقىر تاشلار پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ.

ئەل ـ يۇرت بىر زازلىم قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ. قولىڭىزدىكى چېقىر تاشمۇ مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغانئىكەن....

ـ قىزىق چۆچەككەنغۇ بۇ، ـ دېدى ئابلىمىت قولىدىكى تاشقا قاراپ ئولتۇرۇپ، ـ خۇددى بىرى توقۇۋالغاندەكلا.

ـ چۆچەك دىگەن شۇنداق بولىدۇ. چوڭ دادام بىزگە دائىم مانا مۇشۇنداق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بىرەتتى.

* *

گۈزەل ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە ياندى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شەھەردىكى ھامىمىسىنىڭ قىزىنىڭ تويىغا كەتكەن بولۇپ گۈزەل ئۆيدە يالغۇز قالغانئىدى. ئۇ تاماق ئېتىپ يەمەكچى بولۇپ بازارغا كۆكتات ئالغىلى چىقتى، ئۇ كۆكتاتنى ئېلىپ قايتاي دەپ تۇرۇشىغا ئابلىمىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

ـ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسىز؟ ـ سورىدى قىز.

ـ ماشىنامدىن يەنە چاتاق چىقتى، بۈگۈنمۇ يەنە قونۇپ قالىدىغان بولدۇم.

گۈزەل پېتىش ئالدىدا تۇرغان قۇياشقا قارىغۇەتكەندىن كېيىن:

ـ ئۆيگە بىرلىك تاماق ئېتىپ بېرىمەن، ـ دېدى.

ـ كەچتە چىقماڭ كىنو كۆرەيلى، ـ دېدى ئابلىمىت.

ـ بۈگۈن ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز قالدىم. بىرلىك،تېلېۋۇزور كۆرىمىز.

بۇ سۆز ئازبلىمىتقا ياغدەك ياقتى.

ـ ماقۇل، سىز كېتىۋېرىڭ، ئارقىڭىزدىن بارىمەن، ـ دېدى ئۇ.

گۈزەل كەتتى،ئابلىمىت يېرىم سائەتچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ سومكىسىغا نەچچە بولتۇلكا پىۋىنى قاچىلاپ گۈزەلنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

ـ كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، ـ گۈزەل كارىۋاتقا كۆرپە سالدى، ـ نىمانچە جۇۋاپ كەتتىڭىز، بۇ نەرسىلەرنى ئەكەلمىسىڭىزمۇ ئۆيدە بار ئىدى.

ـ ئىچەرمىز.

تېلېۋىزور تۈگۈگۈچە پىۋىمۇ ئىچىلىپ بولدى. پىۋا تەسىرىدىن ئىككەيلەن خېلىلا قىزىغان بولۇپ بىر-بىرىگە مۇھەببەتلىك چاقچاقلارنى تارتىنماي قىلىشاتتى. ئۇنئالغۇنى ئېچىۋېتىپ بىردەم تانسىمۇ ئويناشتى. گۈزەلنىڭ پۇت ـ قوللىرى بارغانچە پۇكۇلۇپ كىتىۋاتاتتى. ئۇ ئابلىمىتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ باغرىغا چاپلىشىپلا قالدى.

ـ مېنى ياتقۇزۇپ قويۇڭ،مەن مەست بولۇپ قالدىم، ـ دېدى گۈزەل بۇ گەپلەرنى بىردە سوزۇپ دېدى، ئاۋازى غەلىتە چىقتى.

گۈزەل راستىنلا مەست بولۇپ قالدى. ئابلىمىت گۈزەلنى كارۋاتتا ياتقۇزۇپ قويدى. گۈزەل يېتىپلا تاتلىق ـ تاتلىق تىنىپ ئۇيقىغا كەتتى.

ئابلىمىت گۈزەلنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ جامالىغا ئۇزاق تىكىلدى. گۈزەلنى زىناقلىرىدا بىرخىل تاتلىق تەبەسسۇم قېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ زىناقلىرى يۈرەكنى كۆيدۈرەتتى. ئابلىمىت گۈزەلنىڭ قولىنى تۇتۇپ يۈزىنى سىيلاپ، لەۋلىرىگە سۆيۈپ باقتى. گۈزەل بۇنى تۇيمىدى. ئۇنىڭ كۆزى نېپىز كۆڭلەكنى ئويدانلا كۆتۈرۈپ چوقچىيىپ تۇرغان كۆكرەككە چۈشتى. قىنى باربارا قىزىشقا باشلىدى. ئۇ پەيدىن ـ پەي يۈگەنلەشكە مۇمكىن بولمايدىغان ئاساۋ ئاتتەك ھېسسىياتىنىڭ تەسىرىدە گۈزەلنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ، ئىنچىكە بېلىنى، نازۇككىنا كۆتۈرۈلگەن بىرجۈپ كۆكسىنى سىيلىدى. ئاپئاق ماموقتەك يۇمشاق بەدەن ئۇنىڭغا جەننەتتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ كۆكسىنى تۇتۇشى بىلەن ۋۇجۇدى تىترەشكە باشلىدى. قىزنى قۇچۇقىغا ئېلىپ تولغان ساغرىسىنى سىيلىدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى ئاخىرقى چەككە يېتىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتى. ئۇ قىزنىڭ كىيىمىنى پۈتۈنلەي سالدۇرۇۋەتتى. كۆزى قىزنىڭ نازۇك جايلىرىغا چۈشكەندە ئۆزىنى زادىلا بېسىۋالالمىدى. گۈزەل بولسا ھېچنەرسىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتاتتى. ئابلىمىت پەقەت ئۆز قەلبىدە قوزغىلىۋاتقان كۈچلۈك بىر تەلەپنىڭ تۈرتكىسىدە كىيىملىرىنى پۈتۈنلەي سېلىۋېتىپ قىزنىڭ كۆكسىنى مەيدىسىگە ئۇزاق باستى. ئۇنىڭ قولى ۋە بەدەنلىرىمۇ جىددىيلىكتىن تىترەيتى. تىترەۋاتقان قولى بىلەن قىزنىڭ ھەربىر ئەزاسىنى تۇتۇپ، سىيلاپ چىقتى. ئەۋجىگە چىققان تۇيغۇ ئۇنىڭ يۈركى بەدىنىنى ئېرىتىۋەتتى.

كېيىنكى ئاقىۋەتلەرنى ئويلاش ئابلىمىتنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمايتى. خىيالىغا كىرگەن تەقدىردىمۇ نېمە بولسا بولسۇن شۇ چاغدا

كۆرەرمەن، دەپ ئويلايتى. شۇڭا ئۇ گۈزەلنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئۇستىگە يوتقاننى ياپتى. گۈزەل نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك بولۇپ ئەندىكتى، لېكىن هايال ئۆتمەي ئابلىمىتقا چاپلاشتى. ئۇنىڭ ئويغانلىقىنى ياكى ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتى. پەقەت تاتلىق تولغۇنۇپ ئابلىمىتنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى چۈشىدە كۆرگەندەك شۇنچە خۇشال، شۇنچە خامۇش ئىدى.

ئابلىمىت شۇ كۈندىن كېيىن گۈزەلگە تۈزۈكرەكمۇ تىكىلىپ قاريالمايدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقىدۇردۇر ئۆز-ئۆزىدىن نومۇس قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ گۈزەلنى دائىم كۆرگىسى، قۇچاقلاپ باغرىغا باسقۇسى كېلەتتى. ئۇ ئاشۇ كېچىدىكى يەڭگىلتەكلىكى سەۋەبىدىن گۈزەلنى بۇرۇنقىدەك كۆپ ئىزدىيەلمىدى. گۈزەلنى ئىزدەپ بارغاندا بولسا نېمىشقىدۇر سارسىمىگە چۈشۈپ بىرىدىن قورققاندەك بولاتتى. دەيدىغان سۆزىنى تاپالماي ئوڭايسىزلىناتتى. ئۇ گۈزەلدىن ئەپۇ سوراشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانئىدى. ئەمدى ئىش ئۆتۈپ كەتتى. قىلىدىغاننى قىلىپ بولدى. ئەپۇ سوراش بىلەن نېمە ئىش پۈتۈدۇ.

گۈزەل بولسا تاڭ ئاتقاندا بولغان ئىشنى بىلىپ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى. ئۇ ئابلىمىتنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ تىللاشنى، كۈچى يەتسە بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنىمۇ ئۇيلاپ باقتى. بىراق شۇنداق قىلسىمۇ بولغان ئىش ئارقىغا يانمايتى. ئۇ ھەممە سەۋەنلىكنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكەنلىكىنى، بۇ خەتەر يولغا ئۇلىماستىنلا قەدەم باسقانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنى باستى ۋە بوپتۇ، ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم بولغاندىكىن ئەپۇ قىلاي، دەپ ئويلاپ بۇ ئىشنى ئابلىمىتنىڭ يۈزىگە سالمىدى.

*          *

ئابلىمىت كۆمۈرنى تۆكۈۋېتىپ ئەمدى قايتاي دەپ تۇرۇۋىشىغا بىرى ئۇنى باشلىقنىڭ چاقىرۋاتقانلىقىنى دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. ئۇ ئۇدۇللا باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

ـ ھە،ئابلىمىت كىلە،ئولتۇر،ـ دېدى باشلىق،ـساڭا دەيدىغان موھىم گەپ بار،ـباشلىق سۆزلىگەچ بىر پىيالە چاي قۇتۇپ ئابلىمىتنىڭ ئالدىغا قويدى.

ـ نىمە گەپ،دېدى ئابلىمىت سەل تېتىرقاپ.

ـسەن توقۇمىچىلىق سېخىدىكى گۈلپىيەم بىلەن يۈرگەنمىدىڭ؟

ـ ھەئە،ـ ئابلىمىت بۇنداق سۇئالنىڭ قويۇلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانئىدى.

ـ ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولۇپمۇ قالغانمۇ؟ـ باشلىق بەكمۇ سالماق ئىدى. ئۇ سۇئالنى سورىغىچە تەلەپپۇزىدىن ياكى چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.ئابلىمىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ باشلىقتىن بىرئاز رەنجىدى. باشلىق تۇرۇپ چوڭ سۆيەت يۈرمەي نىمە دەپ بۇ سۆزلەرنى دەپ يۈرۈيدۇ. نىمە دەپ باشقىلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئارلىشىدۇ، دەپ ئاچچىقلاندى. تېنىۋالاي دېسە باشلىق ئۇققان بولسا ئوسال بولماي دەپ:

ـسېلىگە بىرى شۇنداق دېدىمۇ،ـدەپ سورىدى.

ـسەن گۈلپىيەمنى توي قىلمايمەن دەپ تاشلىۋېتىپتىكەنسەن، ئۇ ئەرز قىلدى.

ئابلىمىت گۈزەلگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، گۈلپىيەمگە، بولدى سەن بىلەن توي قىلالمايمەن، دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتكەنئىدى. لېكىن ئۇنىڭ باشلىققا ئەرز قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانئىدى.

ـ كۆڭۈل دېگەننىڭ كەينىگە كىرىدىغان نەرسە ئەمەستى ئۇكام، ـ دېدى باشلىق بېشىنى چايقاپ، ـ ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن توي قىل، ئەگەر يېنىۋالساڭ ئىش چاتاق. ئۇنىڭ قولىدا دوختۇرنىڭ بالا ئالدۇرغاندا سەن قول قويغان دوختۇرنىڭ ئىسپات قەغىزى بارئىكەن. جازالىنىسەن.

بۇ گەپ ئابلىمىتنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى. ئۇ ھوش كاللىسىنى يوقىتىپ گاڭگىراپلا قالدى. ئەمدى ئۇ گۈزەلگە نېمە دەيدۇ؟ ئۇنىڭغا قايسى يۈزى بىلەن قارايدۇ. «مەن نېمە دەپ ئەخمەقلىق قىلغاندىمەن، ئەمدى قانداق قىلارمەن...»

ئۇ ئۆلايدىكىلەرنىڭ توي ھەققىدىكى گېپىگىمۇ قۇلاق سالمىدى. لېكىن بولار ئىش بولدى. توي ئۆتتى. تويدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى گۈلپىيەمنى پەقەتلا كۆتۈرمىدى. گۈلپىيەمنى كۆرەرگە كۆزى يوقئىدى. بىراق ھەر كۈنى ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى ئاشۇ خوتۇنى گۈلپىيەمئىدى. ئۇ بۇ دىشۋارچىلىقتىن قۇتۇلالماي كۈن بويى ھاراق ئىچىۋېلىپ مەستلا يۈرۈيدىغان بولۇۋالدى. گۈزەل بىلەن كۆرۈشۈشتىن قېچىپ كۆمۈرگىمۇ چىقمىدى. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشەتتى ـ دە، ھاراقنى تويغىچە ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ بۇ دۇنيانى ئۇنتۇيتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەست كىلىۋېتىپ بىرىگە پۈتلىشىپ كەتتى ـ دە، ئۆزىگە تىگىپ كەتكەن ئادەمنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. ھېلىقى ئادەممۇ بوش كەلمىدى. تىللاش مۇشتلاشقا ئايلاندى. ئابلىمىت تەڭشىلىپ قالغان

بولغاچقا ھە دېمەيلا تاياق يەپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىغا چىدىماي ھېلىقى ئادەمنىڭ بىر نەچچە يېرىگە پىچاق سېلىۋەتتى. ھېلىمۇ جان يېرىگە پىچاق تەگمىگەنئىكەن، ساق قالدى. لېكىن ئابلىمىت ئىككى يىللىق كېسىلىپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئېلىپ كېتىلدى.

گۈزەل ئىككى ئايغىچە ئابلىمىت بىلەن زادىلا كۆرۈشەلمىدى. ئابلىمىتنى كۆرمىگەنسېرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەندىشىلىك خىياللار پارەكەندە قىلاتتى. كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانمىدۇ ياكى ماشىنىسى بىلەن بىرەر كىلىشمەسلىككە ئۇچراپ...مەن ئۇنى چۈشەنمەي قالدىممۇ يا، ئەخلاقى ناچار كۆڭۈل ئوغرىسى بولمىغىيدى، قارىسام خېلى يۇۋاش، ئوڭلۇق يىگىتتەك قىلاتتى. كۆڭلىنى قاندۇرۇپلا تاشلىۋەتكەنمىدۇ؟ ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئابلىمىتنىڭ ئۇنداق بولمىغۇر يىگىت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، ئۇنى ئۇنداق يامان دەپ كۆڭلىدە ئەيىبلىگەنلىكىگە خاپا بولۇپ كەتتى. ئۇ ئابلىمىتنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى، ساق ياكى نېمە بولغانلىقىنى ئۇققىسى كېلىپ توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ كۆمۈرگە چىققان بىر ماشىنىسىنى توستى.

-سىز ئابلىمىتنى تونۇمسىز؟-سورىدى گۈزەل شوپۇردىن.

-تونۇيمەن، گېپىڭىز بارمىدى؟

-ئۇ بۇياقلارغا چىقمايدىغان بولۇپ كەتتىغۇ.

- ئابلىمىت تويى قىلغانئىدى، ئايالى كۆڭلىگە ياقمىدى بولغاي،-دېدى شوپۇر يىگىت،-ھاراقنى تولا ئىچىدىغان بولۇۋالدى. بىر قېتىم مەستلىكتە بىرىگە پىچاق سېلىپ قويۇپ ئىككى يىللىق كېسىلىپ كەتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈزەلنى بېشى پىرىدە قايدى.كۆز ئالدى

قاراڭغۇلۇشۇپ، يەر-جاھان چۆرگىلىگەندەك بولدى. قۇلىقىغا غوڭىلدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ھۇشىدىن كەتكىلى تاس قالدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. ئانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى بەرنالىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇنىڭ كېلىدىن سۇدىن باشقا ھېچنەرسە ئۆيمەيتى. بىچچارە ئانىسى قىزىنىڭ نېمە كېسەل بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇگۇشۇپ كىتىۋاتاتتى. گۈزەل ئاخىرى ئۆزىگە ئۆزى ھاي بەردى. قىساس ئېلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ساقىيىپ ماغدۇرغا كىلىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسى كېسىلىنىڭ ساقىيىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇ ئەسلىگە كىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغان چېغىدا ئارىدا ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتكەنئىدى.

گۈزەل ئەسلىگە كىلىپ قىساس ئېلىش ئۈچۈن چارە-ئامال ئويلاۋاتقان مەزگىلدە قورسىقىدىكى بوۋاق تۆت ئايلىق بولۇپ قالغانئىدى. ئابلىمىتنىڭ بىرىگە پىچاق سېلىۋېتىپ ئىككى يىللىق كېسىلىپ كەتكىنى شۇ چاغدىلا ئېسىگە كەلدى. مەن ئەمدى كىمدىن قىساس ئالىمەن،ئۇنىڭ تۇرمىدىن چىقىشىنى ساقلايمەنمۇ؟

گۈزەلنىڭ بۇرۇنقى ھۆسنى جامالىمۇ قالمىغانئىدى.ئۇ باشقا بىر قىزغا ئوخشاپ قالغانئىدى. ئۇ ئەمدى قانداق قىلسۇن؟ ئوپىراتسىيە قىلىپ ئالدۇرۇۋەتسۇنمۇ؟ ئوپىراتسىيە قىلىشمۇ تۇققان بىلەن ئوخشاش ، بەربىر كىشىلەر ئۇقۇپ قالىدۇ.ئائىلىسىنىڭ نامىنى بۇلغايدۇ. ئۆيدە ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىدۇ. ئەمىسە قانداق قىلسۇن؟ ئۆلۈۋالسۇنمۇ؟ توغرا، ئۇنىڭغا ئۆلۈپلا ھەممە ئازاپتىن،ئىزا-ئاھانەتتىن، دەردتىن بىر يولىلا قۇتۇلۇشتىن باشقا باشقا يول قالمىغانئىدى. ئۇ يەنە ياشاۋېرىشكە چىدىماي

قالدى. مۆھەببەت، قورساقتىكى بوۋاق،يەنە...ئۇنى بەكمۇ ئازاپلاپ كېتىۋاتاتتى.ئۇ دورا ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن ئويلاپ ئاخىرى تۇنجى قېتىم ئابلىمىت بىلەن سۆيۈشكەن يەر- كۆۋرۈكتىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشنى توغرا تاپتى.بىر كېچىسى ئۆيدىكىلەرگە تۇيدۇرماي ئۆيدىن چىقتى. غۇر-غۇر تاغ شامىلى ئۇنىڭ قويۇق چاچلىرىنى يۈزىگە چۇشۇرۇپ كۆزىنى توسۇۋالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ چاچلىرىنى قولى بىلەن قايرىۋېتىشكىمۇ خوش ياقماي بېشىنى ئىرەنسىزلىك بىلەن سىلكىپ قوياتتى.

كېچە جىمجىت ئىدى، پەقەت چىكەتكىلەرنىڭ تىنىمسىز چىرىلداشلىرى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى بەكلا مالىمان ئىدى، ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدى،ئويلىدىلا ئەمەس بۇ تونۇش ماكانغا پىچىرلاپ سۆزلەپ بەردى،ئۇ دەردلىك قىسقىغىنا ھاياتىدىكى ئازابلىرىنى ھېچكىم بىلمىسىمۇ بۇ كۆۋرۈكنىڭ، تاغلارنىڭ، ئۆزىنى توختاۋسىز ئامراقلىق بىلەن سۆيۈۋاتقان تاغ شامىلىنىڭ بولسىمۇ ئاڭلاپ قېلىشىنى خالايتى. شۇڭا ئۇ ماڭغاچ ھەممە دەردلىرىن شاماللارغا شىۋىرلاپ تۆرۈپ دەۋالدى.گۈزەل جانسىز قەدەملىرى بىلەن ئاستا مېڭىپ كۆۋرۈك ئۈستىگە چىقتى. ئۆزىگە تونۇش يەرگە كەلگەندە توختىدى. كۆۋرۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە يوغان-يوغان قورام تاشلار ياتاتتى.تاشلار ئۇنىڭغا، باغرىمغا ئۆزۈڭنى ئات دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۆزىنى تاشلىسىلا بىر مىنۇتقا قالماي ئۇنىڭ جېنى ئۇ دۇنياغا راۋان بولاتتى.

غەرپ ئاسمىنىدا نۇرسىز ھىلال ئاي ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئايغا ئەلەم بىلەن قاراپ قويدى. ئاندىن كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنغا چىقتى. كۆۋرۈكتىن

ئۆزىنى تاشلاش ئۇنىڭغا ھېچقانداق قورقۇنۇچلۇق بىلىنمەيتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ھەرقانداق ئىش بەرىبىر ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمدى. ئارقىدىنلا كۆزىنى ئېچىپ غۇۋا ئاي نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان پاكار ئۆيلەرگە، يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنىۋاتقان تاغلارغا، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا، ئايغا قاراپ ئاھ دەۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئاھلىرىدا بۇ دۇنياغا قىياماسلىق، لېكىن ئامالسىزلىقتىن ھاياتتىن كېچىشتەك مۇرەككەپ ھېسسىياتى مۇجەسسەم ئىدى. ئۇ ھاياتقا، ياشاشقا شۇنچە تەشنا ئىدى، بىراق...

ئۇ كۆزىنى قايتا يۇمۇپ ئۆزىنى پەسكە تاشلىدى. لېكىن نىمە ئۈچۈنكىن ئورنىدىن قوزغىلالمىدى. بىر نەرسە ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالغاندەك قىلاتتى. كۆزىنى ئېچىپ راستىنلا بىرىنىڭ ئۆزىگە ئېسىلىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئاھ خۇدا، ئۆز ئارامىدا ئۆلگىلىمۇ بولمىسا بۇ جاھان نىمە بولۇپ كەتتى زادى؟!

ـ گۈزەل! ئۇنداق قىلماڭ!

ـ مېنى قويۇۋېتىڭ!

ـ ياق،سىز يولدا كەلگۈچە سۆزلەپ ماڭدىڭىز، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. ئىككىيلەن توي قىلايلى. بالىنى مەن باقىمەن. ئۇ سىزنى ئالدىغان بولسا مەن ئۇنداق قىلمايمەن،سىزنى بىر ئۆمۈر ئەزىزلەيمەن...

گۈزەل بۇ ئاۋازنى تونۇدى. بۇ ھېلىقى نەچچە خوتۇن ئېلىپ بالا يۈزى كۆرمىگەن رېمۇنت زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى ئىدى. تېخنىك گۈزەلنى سالاسۇندىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. گۈزەل بېشىنى تېخنىكنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

*                    *

ئىككى يىل توشۇپ، ئابلىمىت ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن چىقتى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ دەرھاللا ئۆيگە چاپمىدى. تونۇشلارنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ كۈننى كەچ قىلدى. ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا بېرىپ بىر يىلدىن كېيىن دادىسى ئالدىدا، ئىككى ئايدىن كېيىن ئانىسى ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئۇنىڭ ئۆيى گۈلپىيەگە ئوتچىلا قالغانىدى. ئابلىمىت گۈلپىيەم بىلەن نەچچە قېتىم ئاجراشماقچى بولغان بولسىمۇ، گۈلپىيەم رەت قىلغانىدى. سەۋەب، شۇنچە چوڭ قورو ـ جايدىن ۋاز كەچكۈسى كەلمىگەنىدى.

ھەممە ياق جىمجىققان ئەل ياتقۇ مەزگىلدە ئۇ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئۇ ھوجرا ئۆينىڭ يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۆيدە كىمنىڭ بارلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ قېرى قاراياغاچقا يامىشىپ دېرىزە يېنىغا كەلدى. دېرىزە پەردىسى چۈشۈرۈلۈپتىلگەن بولغاچقا ئىچىنى كۆرەلمىدى. لېكىن ئۆي ئىچىدىن گۇدۇڭشىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىدى.

ـ ئېرىڭنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، سورىسا نېمە دەيسەن؟

ـ سېنىڭ بالاڭ دىمەمدىمەن.

ـ بىراق ئۇ ئۆيدە بولمىسا، بۇ گېپىڭگە ئىشىنەمدۇ؟

ـ نېمىشقا ئىشەنمىگۈدەك. بويۇمدا قالغاندا ئۇنى يوقلاپ بارغانتىم.

ئۇ قوي بېقىۋاتقان ئىغىلدىلا بىر ئىش قىلغانتۇق. ئۇ شۇ چاغدا بەك خوتۇنسىراپ كىتىپتىكەن.

ـ ئىككى يىلغىچە يالغۇزلۇقتا قانداق چىدىدىڭ. ئاجىرشىپ نېمىشقا باشقا ئەرگە تىگىۋالمىدىڭ. ـ ئۆي ئىچىدىن يەنە ئاۋاز ئاڭلاندى.

ـ ساراڭكەنسەن. مەن نەدە يالغۇز. سەن ھەمراھ بولدۇڭغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ چىرايلىق ئۆيدىن كەچكۈم كەلمىدى. مېنى باشقۇرىدىغان قېيناتا ـ قېينانام يوق. ئۆزۈم خان، ئۆزۈم بەگ. ئۇنى دېمىسەممۇ بۇ ئۆينى دەپ ...... ـ گۈلپىيەمنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى.

ئابلىمىت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ جاھان چۆرگىلەشكە باشلىدى.

ـ سېنى ئۆلتۈرىۋېتىمەن! ـ ئۇ شۇنداق دەپ ۋارقىراپلا قاراياغاچ ئۇستىدىن يەرگە گۈپپىدە قىلىپ چۈشۈپ بىرنى ئاھ، دەپ جىمىپ قالدى.